# ئاقسۇ ئەدەبىياتى



3

1988





↑ باي ناھىيىسە «ئۇشتۈك» جىلغىسىدىكى «مىڭ ئۆي» لەر

← ئاقسۇ كونىشەھەر، بوزدۆڭ «كىچىك قوزىباي» جىلغىسىدىن يېڭى تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى



→ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى «توغراقدەڭ» دىكى «مىڭ ئۆي» لەر.

1988 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي 35 - سان)
توققۇزىنچى يىل نەشرى


# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

---

## مۇندەرىجە


| | | | |
|---|---|---|---|
| شېئىرلار | (شېئىر) | جېلىل خېلىل | 1 |
| سۈبھى ياغمۇرلىرى تۆكۈلەر ئاستا... | (« ») | مۇتەللىپ خۇرسەندى | 2 |
| ئارامسىز تۇيغۇلار | (« ») | مۇقارىپ يەھيا | 5 |
| دېڭىز تۇغقان ناخشىلار | (« ») | رەجەپمۇھەممەت نىياز | 6 |
| سەن ئازابىنىڭ قىزى ئەمەس | (نەسر) | ئايگۈل | 9 |
| ھەق يول ئۈچۈنجان بەرگەن بالا... | (ھېكايە) | ئىزىز ساۋۇت | 11 |
| شېئىرلار | (شېئىر) | سۇلايمان ھېزىم | 24 |
| شېئىرلار | (» ») | روزى ھاپىز | 27 |
| شېئىرلار | (» ») | تۇرسۇن تۇردى | 29 |
| ئىككى شېئىر | (« ») | خانىشايىم ياقۇپ | 31 |
| ئىككى شېئىر | (« ») | قاسىمجان يۇنۇس | 32 |
| ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار... | (كىنو سىنارىيىسى) | ئۆمەر قادىر | 34 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى بولۇپ ئۆتتى | (خەۋەر) | ئىسلام سادىق | 51 |
| ئۇيغۇر ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە توغرىسىدا | (ئىلمىي ماقالە) | سۇلايمان داۋۇت | 53 |
| سۈيگۈ لېرىكىلىرى | (شېئىرلار) | قۇدرەت قۇربان | 61 |
| ئىككى شېئىر | (» ») | پەرھات مەسۇم | 62 |
| لېۋىمىدىكى ئىز | (» ») | ئابدىراخمان مامۇت | 63 |
| بېيگە سوۋغىسى | (پوۋېست) | ئامانگۈل مامۇت | 64 |
| جىنازا | (ھېكايە) | ئابباس مۇنىياز | 83 |
| ئىككى مۇخەممەس | (شېئىر) | مۇھەممەد كامال | 90 |

ئىككى شېئىر ………………………… ( « « ) ………… تۇرسۇنجان ھەسەن 91
تۇندە تۇغۇلغان مىسرالار ………… ( « « ) ………………ئابلەت سادىق 92
ئۇسسۇلچىغا ………………………… ( « « ) ………… پەرھاد تۇردى 93
ئىككى شېئىر ………………………… ( « « ) ……… تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 93
يۇرتۇم قىزى……………………… ( « « ) ……… ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا 94
ئىشچان ………………………… ( « « ) ……………… ئابلىز قۇربان 94
ھەمكارلىق…………………… (ھېكايە) ……………… شىن شىڭيى 95
ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەسلىمىلەر ……(ئەسلىمە) ……………… ھۇسەن ھادىل 98
دۆنى قورقاتقان باتۇر………… (چۆچەك) ………………………… 106
جانان چىنىسىنى موزاي تېپىپ ئاتتى (چۆچەك) ………………………… 109


----------------

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە؛ تارىم بويىدا كۆز فىلىك چىشىن فۇتوسى.
قىستۇرما سۆرەت ۋە خۇشخەتلەرنى: ئابلا توختى سىزغان ۋە يازغان.

# شېئىرلار

## جېلىل خېلىل

### جاللات ئاتالدىم

قانلار تۆكتۈم بارخان قارىمدىن،
ھالسىزلاندى ۋاھابى قۇملۇق.
ۋەھشى كىشىنەپ جان بەردى ئالۋۇن،
دەپىنى بولغاچ بەدەۋى خۇلۇق.

كەسلەم ـ كەسلەم توغرالدى شەيتان،
خۇداگۇيلار بولدى تەقۋادار.
ئاتالدىمەن يالماۋۇز جاللات،
ۋەتەن قۇردى ئالقىنىمدا دار.

### خالاسكار
(بىر يازغۇچىغا)

تومۇرۇڭدا ئاقىدۇ يوللار،
يۈرۈكۈڭدە چاقنايدۇ باھار.
چاقماقلارنى بارىسەن يۆلەپ،
بوسۇغاڭدىن يۈلتۇزلار ئۆزار.

تەشۋىشىڭدە ئۇخلايدۇ ئۇيۇق،
چۈشلىرىڭدە ئۇلغىيار بوران.
دوقمۇشلارنى چېكىسەن ئوراپ،
زېرىككەندە توزۇتۇپ مانان! ...

### كۈتۈش

قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم ئۇزاق،
شىلدىرىغا چىغىر يولۇڭنىڭ.
ئۈنلەپ تۇردى يۈرۈكۈم ئۈنسىز،
پىغانىمنى ھۇڭلۇق دىلىڭنىڭ...

### شۇ ساھىلدا

شۇ ساھىلدا ھىسكىن بىر قىزچاق،
ئۆتمۈشىنى تېرەر ئېگىشىپ.
دولقۇنلارغا يىغلايدۇ بەزەن،
بەزەن كۈلەر ئەقلىدىن ئېزىپ...

تەكرارلىنار كۈندە بۇ ئادەت،
سۇلغۇن كۆزدە قۇلۇاقلار سانجاق.
بەرمەس دولقۇن قىزغا تەسەللى،
قىز تاپالماس ئۆتمۈشتىن روناق...

### ھۆپۈپ ئۈنلىسۇن

سېنى سۆيدۈم ئاسمان قەرىدە،
ھەم ئايرىلدىم يەرنىڭ تەكتىدە.
كېشەنلەندى ئىنتىزار يۈرەك،
بىتچىت بولدى جەننەت ئەقىدە.

ئېچىر قىلسا ئېيەنە ناۋادا،
ئۆتىگىگە دۆۋىلەي ئوت ـ چۆپ.
ماكان قىلىپ خائىن ئىشقىگنى،
پەسىل بولغاپ ئۈنلىسۇن ھۆپۈپ.

### يۈرەك يارىلاندى

دىلبەر، دىلبەر بەرمىدىڭ شەپقەت.
ساڭا شەپقەت بەرمىگەن كەبى.
بوغۇزلاندى نۇرغۇن مۇھەببەت،
بولدۇق جاللات قانلىق بەدەۋى.

تەڭ سۇلاشتى قىممەت باھارى،
تەڭ تۇنجۇقتى يارىلىنىپ يۈرەك.

چىرىپ كەتتى سۆيگۈ جەسىدى،
يولىمىزغا بولالماي يۆلەك...

### گۈمران ئەيلىدىم

سەرسان يۈردۈم تالاي يىل پىنھان،
بىلمىندۈرمەي ساڭا دەردىمنى.
ئاھلىرىمدا ئەيلىدىم گۈمران،
يوللىرىمدا ئۈنگەن بەختنى.

نىيەت قىلسام ئەمدى ئاقىبەت،
قەلبىڭ تامان تونىل قېزىشقا.
نىسىپ قىلىپتۇ ئىلاھى ھىجران،
سەن دىلبەرنى ئۆزگە ئاشىققا.

### ۋاھىم يىمەيمەن

كۆزلىرىڭدە كۈلىدۇ باھار،
كۈز لەززىتى لېۋىڭدە چاقنار.
قىش سۈرىدىن يىمەيمەن ۋاھىم،
تومۇز ئىسسىق باغرىڭدا ئۇخلار...

### دەريا ئۈنلەيدۇ

يەلكەنلىرى كېتىپتۇ تاشلاپ،
مىسكىن ئۈندە ئۈنلەيدۇ دەريا.
ساھىللىرى غازاڭغا ۋەتەن،
غېرىپلىقتا ئاي ئاڭا ھەمرا.

دولقۇنلىرى ئاچىز ۋە ھارغىن،
سەپەر قىلار نەلەرنى ئويلاپ.
ھۇشقىتىدۇ، ھۇشقىتىشلىرى —
تۈن كۆكىدە قالار پۇلاڭلاپ...

يەلكەنلىرى كەتتى قەيەرگە؟
بىلمەس دەريا بۇنى ھېچقاچان.
پەقەت بۇندا بىر چاغلاردىكى،
چۈشتەك ۋىسال قوزغايدۇ پىغان!...

### قەۋرە تەزكىرىسى

(مەرھۇم ئۆمەرجان ساۋۇت ئۈچۈن)

1

خوش دوستۇم، ئۈزدىڭ قويغىن جىسىمىنى،
ناخشامنى ئالەمگە قالدۇرۇپ كېتەي.
مەڭگۈلۈك ھاياتنى تاپالمىساممۇ،
مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە بولدۇم مۇيەسسەر...

2

گۈللەيدۇ كېلىچەك، ئۆلىدۇ ئۆتمۈش،
يىغلىدىم ئۆتمۈشتە، كېلىچەك ئۈچۈن.
ئالىدۇ قەبرەمنى قوينىغا باھار،
ناخشامدا ھايات بار مەڭگۈ ۋە پۈتۈن!...

## سۈبھى يامغۇرلىرى تۆكۈلەر ئاستا

### مۇتەللىپ خۇرسەندى

#### ناخشا

(مەرھۇم ئۆمەرجان ساۋۇتقا مەرسىيە)

1

بولدى بەس، ئۆزەڭنى ئاقلىما ئەمدى،
ئەي ئۆلۈم! ماتەم ۋە ئازابقا خۇشتار.

بولسىدى بىر قۇدرەت بىر لەھزە مەندە،
قىلاتتىم شۇ ناھەق ئەركىڭنى ئىنكار.

خەيرىيەت ئېيىپ كەتتىڭ ئارىدىن ئۇنى،
قالدى بۇ زېمىندە ئىزلىرى بەردەم.
ياش تۆكەر كىم ئۈچۈن كىملەر جاھاندا،
بىر نىدا قۇلۇقۇم تۆۋىدە ھەردەم.

2

شامال قىپ كۆلكەڭنى تەۋرەتتىڭ سەھەر ،
ۋە سىلكىپ چۈشۈمگە يىراقلاردىن قول .
سانجىلدى قالدۇرۇپ ھىجران، ئۈزۈلگەن —
ھاياتىڭ تارلىرى يۈرەككە ئۇدۇل .

يۇلتۇزۇڭ ئاققان تۈن ئېرىدىگەن نۇردەك،
بىخ سۇردى نەدىدۇر بىر تۇتام تىكەن .
بار ئىدى ياشىغۇڭ يەنە بىر مەزگىل ،
دەرىخا قىسمەتىنىڭ كۆزى كور ئىكەن .

3

توزۇپ كەتتى تەبەسسۇملىرىڭ ،
قېتىپ قالدى كۆزۈڭدە ئارمان .
ئىزلەپ يەڭگىل تىۋىشلىرىڭنى ،
تاغ يوللىرى كۆتۈرەر پىغان .

يۇلتۇزلارغا جىمجىت كېچىلەر ،
يۈرىكىڭنى سۆزلەر خادا تاش .
ئوغۇرلۇقچە تىڭشايدۇ بۇلۇت ،
جىلغىلارغا تۆكۈپ ئاچچىق ياش .

## زەڭگەر كۆكتە مامۇق بۇلۇتلار...

زەڭگەر كۆكتە مامۇق بۇلۇتلار ،
تەۋرەر يېنىك خىياللار ئوخشاش .
ئەركە شامال تۈرتىدۇ بەزەن ،
ۋە بەزىدە يىغلار تۆكۈپ ياش ،
تەۋرەر يېنىك خىياللار ئوخشاش .

پۈركەنگەندە ئۇپۇق ئالەمگە ،
قىز دىلگۇلنىڭ سۆيىنى تۇتاش .
كۆز چاقنىتىپ قىلىدۇ جىلۋە ،
سۆزۈك يۇمشاق ھۆسنىدە قۇياش .
قىز دىلگۇلنىڭ سۆيىنى تۇتاش .

كۆكتىكى شۇ مامۇق بۇلۇتنىڭ ،
پاناھى كىم ،
كىم ئاڭا قاياش ؟!

ئۆيى بارمۇ ئۇخلاپ ئالغۇدەك ،
ۋە تىققۇدەك بورانلاردا باش ؟!
پاناھى كىم ،
كىم ئاڭا قاياش ؟!

تۇققىنىمۇ چوققىلار ئۇنىڭ ،
كەچمىشلىرى ئوچۇن تەقدىرداش ؟
گاھى سۇرلۇك تىۋۇلسا، گاھى،
شەمشىردىن چاقنىتار ئوتقاش ،
كەچمىشلىرى ئوچۇن تەقدىرداش .

ئېھ بۇلۇتلار، يۇمشاق بۇلۇتلار ،
زەڭگەر ئاسمان كېيىگەن ئۈستىباش .
توسۇۋېلىپ يۈزىنى ئاينىڭ ،
ئاق كېچىگە بولما رەشكداش !
زەڭگەر ئاسمان كېيىگەن ئۈستىباش .

ئاھ بۇلۇتلار، يۇمشاق بۇلۇتلار،
بەزەن كەپىز ۋە بەزەن يۇۋاش .
تەسۋىرلەيمەن قىلىپ شۇ سەۋەب،
بالىلىقنى سىلەرگە تەڭداش ،
بەزەن كەپىز ۋە بەزەن يۇۋاش .

## سەھرا ئاخشىمى

ئوبرازلارغا تولۇپ زەپ ئېسىل ،
شۇ يەرلەردە ياتىدۇ قۇياش .
كۆل بېتىگە تىنىق ۋە جىمجىت،
قىزدىل شايى ياپقاندەك تۇتاش .

رەڭ تۈزىشكەن توپ - توپ بۇلۇتلار ،
چۆچەكلەرنى ئەسلىتەر گويا .
جىلۋە قىلىپ باغلار تۈز كەبى ،
كۆڭۈللەرنى قىلار مەھلىيا .

مورىسىدىن پاكار ئۆيلەرنىڭ ،
بوشلۇقلارغا ئۆرلەيدۇ تۈتۈن ،

ياپلاقلاردىن قايتىشار پادا ،
چىغىر يولنى ئېلىپ بىر پۈتۈن .

ئاڭلىنىدۇ توقايلىقلاردىن ،
كەكلىكلەرنىڭ ئاۋازى ئۈزۈك .
يول ـ يوللاردا كىچىك ئېرىقلار ،
ئاقار ئۇندا سۇلار سۈپ ـ سۈزۈك .

سۇغا چىققان بولۇپ قىزچاقلار ،
باغ كەينىگە قارايدۇ پات ـ پات .
قالسا كۆرۈپ يارىنى ئۇندا،
ئويناپ كېتەر يۈرەكلىرى شات .

يانپاشلىنىپ باراڭ ئاستىدا ،
جىمجىتلىقنى تىڭشايدۇ بوۋاي .
ئوقۇپ بىرەر نەۋرىسى گېزىت ،
«روناق تاپتى قانداق، قايسى باي ... »

ئوبرازلارغا تولۇپ شۇ قەدەر ،
ئۆتەر سەھرا ئاخشىمى ھەردەم .
سۆيۈۋالسام ،
يەتسە قوللىرىم ،
شۇ يەرلەرنى قۇچاقلاپ مەھكەم .

## ئانا

دۇئايىڭىزدىن قەبرىلەر بەربات ،
كۆڭلىڭىزدىن پۈرايدۇ باھار .
يولىڭىزدا غۇنچىلار ھايات ،
دەۋران سۈرەر قەھرىڭىزدە دار .
1988 - يىل 2-ئاي 26 - كۈنى، كونىشەھەر .

## سۆيگۈ پەلسەپىسى

( شېئىرلارغا تەقلىت )

1

كۆل بەرگىدە ياقۇتتەك شەبنەم ،
يۇلتۇزلارغا ھەمراھ ئاپئاق ئاي .
ئەركە شامال ئوينار سۆيۈپ ھەم ،
كۆپ ـ كۆك دېڭىز بېتىنى تىنىماي .

سۈرۈپ گۈزەل باھار پەيزىنى ،
قۇشلار كۈيلەر ئورماندا جۈپ ـ جۈپ .
سۆيگۈمىزنى قىلالماي ئىزھار ،
نېچۈن بىزلا يۈرۈيمىز چۆچۈپ ؟...

2

ئىزلەپ كېلىپ يىراق ـ يىراقتىن ،
قۇچاق ئاچار تاغلارغا بۇلۇت .
قىش ئايلىرى يايرىتار تەنىنى ،
ئوچاقلاردا يالىلدىغان ئوت .

بارچە شەيئى ئاشۇ يوسۇندا ،
ۋىسال تاپار قىزغىن، مۇلايىم .
مەھكۇم بولۇپ ئاچچىق ھىجرانغا ،
نىچۈن بىزلا يەيمىز غەم، ۋايىم ؟!

## سەن شېئىر سورىدىڭ ...

«سەن شېئىر سورىدىڭ مېنىڭدىن چور تالا ،
ئۇنىڭسىز ياشايسەن ئوخشاشلا ھايات ①»
ئاداققى ئېيتالماي قالغان سۆزلىرىڭ ،
روھىم قورغانىنى قىلماقتا بەربات .

سەن شېئىر سورىدىڭ ،
سورىدىڭ ھەم مەي ،
كۆڭلۈمغەش، قولۇمدا بۇدەم جۈپ سوۋغات .
زۆرۈردۇر سەن ئۈچۈن ئىككىسى ئوخشاش ،
بىراق ئال بىرسىنى، بىرسىنى ھەيھات.

## بىز يوقىتىپ قويغان مۇھەببەت ...

قاغىمىسۇن سېنى ھەم مېنى ،
سېغىنىمىسۇن ئۆتمۈشنى ئەبەت ،
كېلەر ئۈچۈن قەدىرلىك بۇدەم ،
بىز يوقىتىپ قويغان مۇھەببەت ؟!...

① بۇ ئىككى مىسرا ئانىنا ئەخمەتوۋانىڭ .

# ئارامسىز تۇيغۇلار

## مۇقارىپ يەھيا

### كوكۇم

كۆلرەڭ كوكۇم توزۇتۇپ تۇمان،
ساھىللاردا كېلەر يېيىلىپ.
تاغلارغا مۇڭ بەرسە يامىشىپ،
داللارغا كېتىدۇ سىڭىپ.

قورقۇپ ئۆتەر توقۇلما ئورمان،
ئېدىرلاردىن ئاستا پۇشۇلداپ.
دولقۇنلارغا بېرەلمەي جىملىق،
قاسناقلارغا كېتەر شىۋىرلاپ.

قانات يېيىپ كەلسە باغلارغا،
ئەللەي ئېيتىپ بۇلبۇلنى ئېغىر.
خۇرسىنىشتە مۇڭدەر ياپراقلار،
گېمىنىنى توختىتىپ ئاخىر.

دېرىزىدىن كىرىپ تىۋىشسىز،
ئۇيقۇ سالار كۆزلەرگە يېنىك.
ئۇخلاپ قالار قېرى كەۋدىلەر،
چۈشلىرىدە ئېلىپ جۇپ تىنىق.

ئۇخلاتقۇسى كەلمەس ۋە لېكىن
ئىچ ئاغرىتىپ قىزنىڭ يېشىغا.
مېھرى بىلەن يېتىلەپ تېز-تېز،
ئېلىپ بارار بۇلاق بېشىدا،
ساقلاپ تۇرغان يىگىت قېشىغا.

### سۆيگۈمدىكى پەسىل ئىزلىرى

باھار بولدۇڭ ئوغۇز قەدىمىڭ،
يۈرىكۈمگە چاچتى ئاق چېچەك.
تىۋىشىنى ئاڭلاپ كۈلكەڭنىڭ،
تەۋرەت سۆيگۈم قايرىدى لېچەك.

ياز بوپ كەلدىڭ، گۈل بولۇپ كەلدىڭ،
بۇلبۇل بولدۇم، تەلمۈردۈم ئۇزاق.
ھىدلىرىڭغا بۆلەندىم بېھۇش،
كۆزلىرىمدە ئاساۋ ئىشتىياق.

كۈز بوپ كەلدىڭ، پىشتىم سېنى دەپ،
جېنەستىمدەك، سارغايتىپ ياپراق.
قالدى ئۇندا قانىرىغان كۆي،
كۆيگەن ئارمان ئەبەدىي بۇراق.

ۋە تۇيۇقسىز سوۋۇپ تېنىقىڭ،
پېشانەمگە ئۇرۇلدى بىۋاق.
ياپراقلارنى (ئۆزەڭ سارغايتقان)،
بەرگىمىزدىن تاشلىدىڭ يىراق.

قىش بوپ كەلدىڭ، قوينۇڭدا يېتىم
ياپراقلىرىم قالدى قەبرىمىز.
گۈلچىمىرەك قويدى ۋە لېكىن…
قىرولىرىڭ كېلىپ سۆيگۈسىز.

ئاھ! نېمە دەي بۇ ياش سۆيگۈمگە،
تۆت پەسىلدىن قالدى كەچمىشلەر.
كۈلمەي بىر رەت غەمكىن تىلىكىم،
يۈرىكۈمنى سۆيدى تەشۋىشلەر.

«تۆت پەسىلدىن قالدى كەچمىشلەر»،
كىم سورىسا دەيمەن سۆيگۈمدە.
بىلمەس لېكىن خەقلەر تارتىمىغان،
ئېغىر ئازاب يىغلار قەلبىمدە.

كىم سورىسا، سورىسا كىملەر،
شۇ داستاننى سۆزلەيمەن غەمكىن.
چۈشلىرىمدە يۈرۈيدۇ پەقەت،
ناخشا توۋلاپ ئويغىتىپ مېنى.
مەن تىڭشىغان تۇنجى كۈلكىلەر،
ۋە ھۇشۇمنى ئەپقاچقان سەلكىن.

## جەڭ ئالدىدىكى قەسەم

( جەڭچى تىلىدىن )

سانسىز تىنىق ئۆچكەن قىلىچلار،
قان ھىدىغا چىلانغان جەڭگاھ.
ناھەق جەسەت، ئالجىغان قىرغىن؛
تىنچلىقتا بولالماس ھەمراھ.

يىرگۈندۇزەر ئۇلۇغ ئادەملەر،
تەگلىكىگە بەرق بەرگەن ئۇرۇش.
بىراق خەنجەر تەگلىسە رەقىب،
ئېزەر جاننى سۈكۈت قىپ تۇرۇش.

بۈگۈن ھۆرلۈك ئېيتىپ يۈرەكلەر،
تۇراتتۇق بىز چېلىش قوينىدا.
ئوق چىقاردى نامەرت قوشنىمىز،
قان بېخىغان ئىلتىق بوينىدا.

بۇ سۆيۈملۈك ئانا تۇپراققا،
تەگدى پەسكەش قەدەملەر بېتى.
ئېچىشماقتا تۇز قۇيغان مىسال،
يۈرەكلەرنىڭ قېتى، قات-قېتى.

ھېچ قورقۇمىز نە پەستە شۇئا،
يول تارتايلى مەنزىلدۇر جەڭگاھ.
شۇ قىرغىنلىق ئىچىدىن ئەلگە،
يارىتايلى تىنچلىق ئارامگاھ.

ھۇررا! ھۇررا! يۈرۈكلار دوستلار،
نامەرتلەرگە بولايلى قاتىل.
زەپەر بىزگە كۆل سۇنار چۈنكى،
نەپرىتىمىز ھەققانى، ئادىل.

## ئىجاد ۋاپادار

چۈشۈمدە كۆمۈرۈلۈپ پۈتۈن سەييارە،
دۆۋىلىنىپ ئالدىمدا تۇرغىدەك غايەت.
ئاي، قۇياش ياتقىدەك قانىراپ ھالسىز،
بار ھايات قان يۇتۇپ ئىلكىدە ئاپەت.

كېلىپ ھەم ماگىمۇ ئەجەل نۆۋىتى،
ماماتلىق ئالدىمدا ياغۇدەك بايراق.
ئاھ شۇچاغ بېرەلمەس دوسلۇرۇم شادلىق
ھايات گوگۇمىغا ياندۇرۇپ چىراغ.

بىر چاغ يۈرىكىمنى سۇنغان لىۋەنلەر،
ھالىمدىن يىرگىنىپ قاچقۇدەك يىراق.
كۆن ۋە تۈن باش ئۇرۇپ سۆيگەن خۇدامۇ،
قەرزى ئۈچۈن بىر ئىھسان بەرمەسمىش بىراق.

لېكىن شۇ ئەسنادا قۇتۇلدۇرغىدەك،
كېلىپ بىر غالىپ كۆي شۇقەدەر ياگراق.
بىلەمسىلەر ئۇ نېمە؟ ئاھ ئۇ دىلبىرىم،
مەن ئاخشام تۇۋۇلغان ئىجادىي قوشاق.

## دېڭىز تۇغقان ناخشىلار

### رەجەپ مۇھەممەت نىياز

**ئانا**

قارچۇقۇمدا قەبرىڭىز ئانا،
پېيمەشلەردىن ئىزدەيمەن سىزنى.

مېھرىڭىزنى سېغىنىپ دائىم،
چۆرگىلەيمەن چەكسىز دېڭىزنى.
قارچۇقۇمدا قەبرىڭىز ئانا،
پۇللىرىڭىز جەننەتكە تۇتاش.

چىھرىڭىزغا تەلمۈرۈپ كۈن-تۈن،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ قۇياش.

قارچۇقۇمدا قەبرىڭىز ئانا،
كىرپىكلىرىم سىزگە گۈللۈك باغ.
سىز كۈرسەتكەن يولدا - كارۋانمەن،
تىز پۈكمەكتە ئايىغىمدا تاغ.

## ئارمانلىرىم

ئارمانلىرىم ئۇيۇق سۆيگەن چوققىدەك،
ساما بىلەن بويى تالىشىپ تۇرىدۇ.
ئۇندا گۈزەل رېئاللىقى ئەتەمنىڭ،
كۆز ئالدىمدا چولپان كەبى يورۇيدۇ.

ئارمانلىرىم ياساپ سۆيگۈ قىيانى،
يۈرۈكۈمدە ئوخچۇپ - ئوخچۇپ ئاقىدۇ.
قانات ئىلىنىپ پەرۋانىدەك ئۆزىنى،
ئوتلۇق قۇياش قۇچىقىغا ئاتىدۇ.

## يۈرۈكۈمدە ئۈنسىز بىر ناخشا

يۈرۈكۈمدە ئۈنسىز بىر ناخشا،
كەتكەن يىراق ساھىلنى بويلاپ.
ئاشىق ئاڭا ئىزگۈ ھېسلىرىم،
شۇ ھېسلارنى بارىمەن قوغلاپ.

يۈرۈكۈمدە ئۈنسىز بىر ناخشا،
كۈلەر جىسمىم زوق - ھاياجاندا.
ناخشام بىلەن بارار ئۆزلىنىپ،
ۋىسال بېغى - تەكلىماكاندا.

## مەن - شائىر

يۈرۈكۈمنىڭ ھەر بىر سوقۇشى،
يارىتىدۇ يېڭى بىر دۇنيا.
تومۇرۇمنىڭ سوققان تاۋۇشى،
ئىجاد، مېھنەت سازىدۇر گويا.

## ئەقلىمگە بىر كاچات

ئۆتەتتىڭ ئالدىمدىن ھەر كۈنى شۇنداق،
ئوق ئېتىپ يۈرەككە كىرپىكىڭ بىلەن.
قەلبىمدە چاقاتتى ئۈنسىز چاقماقلار،
شامالدا ئۆرۈلگان تىنىقىڭ بىلەن.

سەرۋىدەك بويۇڭغا چۈشلىرىم ئاشىق،
قىينالدىم ھىجرانىڭ دەشتىدە يۈرۈپ.
ھەر باقسام چېھرىڭگە شەپەق تىپەتتى،
سۆيەتتىم سېنى بەك نومۇسچان كۆرۈپ.

تۈنۈگۈن باغچىدا كۆردۈم، ئاھ ئىسسىت!
«گۈل» بوپسەن، سۆيۈپتۇ نەچچە كېپىنەك.
ئەقلىمگە بىر كاچات مېنى ئالدىغان،
كۆرسىتىپ ئازغاننى خۇشپۇراق چېچەك.

## ۋۇجۇدۇمغا سىڭدى بىر ناخشا

«شىلدىر - شىلدىر...» ئاقىدۇ بۇلاق،
ئاق ئەتىردەك ئاپئاق كېچىدە.
ئاي نۇرىدا سانسىز يۇلتۇزلار،
ۋالىلدايدۇ سۇنىڭ بېتىدە.

تۇرۇپ قالدىم بۇلاققا قاراپ،
ئىجاد، سۆيگۈ ھېسلارغا تولۇپ.
ۋۇجۇدۇمغا سىڭدى بىر ناخشا،
ياشلىقىمنىڭ شاھىدى بولۇپ.

## بىر «ساھىپجامال»غا

كىرپىكلىرىڭ ۋەھىمىلىك چاتقاللىق،
يۈرەر ئۇندا مىكىرگەر - قۇۋ بىر تۈلكە.
كۆزلىرىڭدە زاھىر تۈرلۈك سۆزە تىلەر،
ياغار نازلىق چىراييىڭدىن جاگۈلكە.

## ئوكيان كۆزلىرىڭ

سېنىڭ بىر جۈپ ئوكيان كۆزلىرىڭ،
قىيا بېقىپ كىرپىك قاقىدۇ.

چاچرىتىپ دەھشەت ئوت - ئۇچقۇن،
يۈرۈكۈمگە ئوتلار ياقىدۇ.

سېنىڭ بىر جۈپ ئوكيان كۆزلىرىڭ،
قوزغىتىدۇ تەشنا چوققىنى.
يۈرۈكۈمدە غولداپ يالقۇنلار،
پارتلايدۇ سۆيگۈ ۋولقانى.

جانان سېنىڭ ئوكيان كۆزۈڭگە،
چۈشلىرىمدە چۆكۈپ كېتىمەن.
تارتماق بولۇپ كەلسە پەرىلەر،
كىرپىكىڭنى مەھكەم ئېتىمەن.

## سۆيگۈ مىسراسى

سەھەردە بازارلىق ئالما ئۈزگىلى،
بېغىغا كىرىشتى بوۋاي ھەم قىزى.
ئالمىنىڭ تۈۋىگە قاراپ چال دېدى:
— بۇ باققا كىم كىردى؟ بۇ كىمنىڭ ئىزى؟
بۇ سۆزدىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى،
قانداقتۇر بىر ئىشتىن قىزىنىڭ يۈزى.
قىزىغا كۆز تىكتى جىم بولدى بوۋاي،
بۇ ھالدىن جىم بولۇپ ئەسلىدى بوۋاي،
بىر چاغدا موماينى باغرىغا بېسىپ...
شۇ ئالما تۈۋىدە نەملەنگەن كۆزى.

---

(بېشى 10 - بەتتە)

نېمە، بىر چاغلاردا ئانام ماڭىمۇ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلاتقان دەمەسىدى؟ شۇنداق، ھەممىمىزگە ئانىمىز ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرگەن. ھازىر يەر-ئانا سېنىڭ ئاناڭغا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇنى پەپىلىمەكتە. بەلكىم كەلگۈسىدە سەنمۇ قىزىڭ بىلەن ئوغلۇڭغا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەرسەن.

× ×

توختات دىلدار كۆز يېشىڭنى توختات! مەن چۈشەندىم. ناۋادا ئانىنى تىرىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى سۆيۈشنىڭ شەرتى ئوت دېڭىزىغا كىرىش بولىدىغان بولسا سەن بىر يولىلا ئۆزەڭنى ئوتقا تاشلاپ ئاناڭنىڭ كۆزىدىن چىققان ئىسسىق ياشلارنى بۇلاق سۈيىنى سۈمۈرگەندەك بىر تامچە-بىر تامچىدىن سۈمۈرۈشكە رازى ئىدىڭ. لېكىن ھېچقانداق كۈچ باقى ئالەمگە سەپەر قىلغان ئىنساننى پانى ئالەمگە ياندۇرۇپ كېلەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس! بىلگىن گۈزەل، كۆز ياشلىرىڭغا تاقەت قىلالمىغان ئاناڭنىڭ روھى ئېھتىمال كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن كۆز يېشىڭنى سۈرتۈپ ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن پېشانەڭگە سۆيىۋاتىدىغاندۇ. شۇڭا ساڭا نەسىھەت، كۆز يېشىڭنى تۆكۈۋەرمە. ئاناڭنىڭ روھىنى قۇرۇلدۇرۇپ غەمكىن ناۋانى ياڭرىتىۋەرمە!

چالغىن گۈزەل، شوق ناخشىلار غىمۇ سازىڭنى چالغىن، چىدام، غەيرەت بىلەن ياشا، شۇ چاغدىلا ئۆزەڭنى ئاناڭدەك قەيسەر، تەمكىن قىلالايسەن. شوخ ناخشىلىرىڭ بىلەن قەلبىڭنى قاپىۋالغان جۇدالىق بۇلۇتلىرىنى سۈرۈپچىقىرالايسەن.

ئەي پەرىشتەم، ئايدىن ھۆسۈن تالاشقان گۈل چىراي پەرىشتەم، ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىنكى سەن ئازابىنىڭ قىزى ئەمەس، قەلبىڭدىكى ھاياتى، جاسارەت تىلىك ئانىنىڭ قىزى!!

# سەن — ئازابىمنىڭ قىزى ئەمەس

**ئايگۈل**

(نەسر)

ئەي پەرىشتەم، ئايدىن ھۆسنۈن تالاشقان پەرىشتەم، مەن بۈگۈن يەنە سېنىڭ لىرىكىلىق ھېسلارغا تولغان ناخشاڭنى تىڭشاۋاتىمەن. بۇ غەمكىن ناۋا يېراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق يىغىغا ئوخشاش قەلبىمنىڭ چىگىتىلگەن تارلىرىنى جۇدالىق زەخمىكى بىلەن ئاستا چېكىپ ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ كۆزلىرىمگە ئاچچىق ياش تامچىلىرىنى كەلتۈردى.

بىلەمسەن دىلبەر، مەن سەن ئۈچۈن بۈگۈنلا ئەمەس قانچە — قانچە كۈنلەردىن بۇيان مانا مۇشۇ ھالىتىم بىلەن ئۇزاق-ئۇزاقلارغىچە ئازابلىق پەريادىڭغا سۈكۈت ئىچىدە قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن قەلبىڭدىكى ئاھلىرىڭنى يۈرەكلەرنى ئەزگۈچى مۇڭ — كۈيلىرىڭ بىلەن ئىزھار ئەيلەپ يېنىك ئۇھ تارتقىنىڭدىلا ئاندىن مەنمۇ ئارقاڭغا يېنىش — يېنىشلاپ بېقىپ ئاستا كېتىپ قالىمەن. بۈگۈنمۇ قەددىمنى پۈكۈپ تەبىئەت قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ناخشاڭغا قۇلاق سالماقتىمەن.

مانا قەلبىڭ تۇتۇنلىرىنى ناخشاڭ بىلەن تارقىتىپ ئۇھ تارتتىڭ، مەن لەۋلىرىم ئارىسىغا توختىماي سىرغىپ كىرىۋاتقان ياش تامچىلىرىنى ئاپئاق قول ياغلىقىم بىلەن سۈرتۈپ، سەن بىلەن ئۈنسىز خوشلىشىپ ئۆز قارارگاھىمغا قاراپ يول ئالدىم...

لېكىن، دىلدار كېتىۋاتىمەن. بىراق تەپەككۇر لاچىنىم ئاللىقاچان سەن تەرەپكە قاراپ ئۇچقان، نازۇك جىسمىڭ ئۈستىگە سوئال قانىتىنى كەڭ يايغان. بىلمەيمەن، نېچۈك سەن ھەر كۈنىسى كەچتە — شەپەق ئاخىرقى نۇرلىرىنى زېمىن بېتىدىن ئاستا-ئاستا يىغىۋېلىپ قاراڭغۇ تۈنگە يول بېرىپ ئۆز ئارامگاھىغا يول ئالغاندا سۈزۈك ئۆستەڭ سۇلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئاكاردىيوننىڭ ئاپئاق تىللىرى ئۈستىدە نازۇك بارماقلىرىڭنى ئويناتىسەنكىن؟ ئىمىسا نىمىلا ئەمەس پۈتكۈل تەبىئەتنى مۇڭلاندۇرىدىغان سېھىرلىك ناخشاڭنى توۋلايسەنكىن؟

× ×

نازۇك دىلدار قېشىڭغا يەنە كەلدىم، سەن بۇرۇنقىغا ئوخشاش شۇ ۋاقىتتا، شۇ جايدا مۇڭلۇق پىغانىڭنى كېچىنىڭ ئۇيقۇ ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقان پۈتكۈل كائىنات باغرىدا ياڭرىتىۋېتىپسەن. كەچنىڭ مەيىن شامىلى ساز — ناخشىلىرىڭنىڭ ئاۋازىنى سېخى تەبىئەت باغرىدا ئۆسكەن ئوت — چۆپ، گۈل — گىياھلارنىڭ مېھرىلىك ھېدىغا قوشۇپ يېراقلارغا ئەپقاچماقتا. مەن ناخشاڭنىڭ ئاھىغا قۇلاق سالغاچ پۈتكۈل جىسمىڭغا ياش پەردىلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالغان كۆزلىرىم بىلەن سەپ سالماقتىمەن: ئەنە توم قارا سۇمبۇل چاچلىرىڭ ئالدىڭغا سەل-پەل ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ گارمونىڭنى چالغان ۋاقتىڭدا سۇس تەۋرىنىپ ئۇيغۇر گۈزەللىكىنىڭ ئۆلمەس سىماسىنى نامايەن

قىلىدۇ. ئۈستۈڭدىكى شاپتۇل چېچەكلىرىدىن رەڭ تالىشىپ سەرۋى قامىتىڭگە تېخىمۇ ھۆسۈن قوشقان ھال رەڭ ئۇزۇن كۆينەك، ئىلىپتەك چىرايلىق بۇرۇن، دەرد ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتقان ئاھۇ كۆزلىرىڭ... بىراق ھەيرانمەن. گۈزەل جەزبىلىرىڭگە يات بولغان غەمكىنلىكىڭگە ھەيرانمەن. دىلىدارىم، قەلبىڭ خوشلۇقىنى قايسى دەردىنىڭ بورانلىرى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى؟ شېرىن ئارزۇلىرىڭنى قايسى قارا نىيەت دەسسەپ چەيلىدى؟!

× ×

چىداپ تۇرالمىدىم، يۈرەكنى ئۆرتىگۈچى ھەسرەتلىك ئاھ، پىغانىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم، قىزچاق كەچۈرگىن، سەندىن سوراي، مۆرىتى كەلسە ياردەم قولۇمنى سوناي. ئېيتقىنا، گۈزەل رۇخسارىڭغا كۈلكە نۇرلىرىنى چۈشۈرمىگەن قانداق دەردىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى؟ جاۋاب بەرسەڭچۇ؟ خالىماسمەن؟ ئەي پەرىشتەم، سەن ناخشام بىلەن گارمۇنۇملا ھەسرىتىڭگە ئورتاقلاشقۇچى ئەمگەم دەپ ئويلامسەن؟ ئۆتۈنۈپ قالاي قىزچاق، دەردلىرىڭنى بىر-بىرلەپ سۆزلەشتىن ئەيمەنسەڭ دىلىڭ ھەسرىتىنى بايان قىلغۇچى گارمۇنىڭدىن، كۆڭۈل سىرلىرىڭنى ئىپادىلىگۈچى ناخشىلىرىڭدىن بىلەي قېنى چالغىن سازىڭنى!

.............................................

ئاھ، بىلدىم جاراھەتلەنگەن يۈرۈكۈڭنىڭ خىتابىنى بىلدىم. سەن ئانا مېھرىگە، ئانىنىڭ ئىسسىق باغرىغا مۇھتاجسەن. پۈتكۈل دۇنيادىكى پاكلىق، مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ئالەمچە خىسلىتى مۇجەسسەملەشكەن ئانىغا ئىنتىزارسەن. نېمىشقا بۇرۇنلا پەرزەنتلىك ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان يېتىم قەلبىڭنىڭ سىرلىرىنى بىلمىگەندىمەن؟ ئانا ئۈچۈن توختىماي سوقۇۋاتقان يۈرۈكۈڭدىن چىققان ھەسرەتلىك نىدالارنى ئاڭلىمىغاندىمەن؟ سېنىڭ «ئاھ ئانا، تومۇرۇمدىكى قان، جىسمىمدىكى يۈرەكتىنمۇ ئەزىز بولغان ئانا. ناۋادا زېمىن ئۈستىدە ھايات بولغىنىڭدا تېنىقلىرىڭ مەن نەپەسلىنىدىغان ساپ ھاۋا، ھايات يولۇڭنىڭ ئىمزاسى بولغان تال - تال قورۇقلار ئارىسىدىكى مېھرىبان كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن نۇر تەبىئەت دۇنياسىدىكى مېنى ئىسسىتىدىغان قۇياش، چەكسىز مېھىر يوشۇرۇنغان ئىسسىق باغرىڭ مەن ياشايدىغان ماكان بولماسمىدى؟» دېگەن خىتابىڭدىن پۈتكۈل تومۇر ھۈجەيرىلىرىڭگىچە سىڭىپ كەتكەن ئەڭ يالقۇنلۇق، ئەڭ مۇقەددەس ئارزۇنى بىلىدىم. لېكىن... لېكىن سەن تەلمۈرۈۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان ئاپئاق ئاقارغان بىر تال چېچىمۇ سەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان ئانا ئاللىقاچان زېمىن ئانىنىڭ قىزىغا ئايلىنىپ تۇپراق ئۈستىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ شىلدىرلاپ ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەن.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)



# ھەق يول ئۈچۈن جان بەرگەن بالا

## ( ھېكايە )

### ئېزىز ساۋۇت

سەھەر سالقىنى قىياقلارنىڭ ساغىرىپ
پىشقان پوپەكلىرىنى لەرزان سۆيۈپ
ئۆتەتتى. شاخلاردا مۇنچاق - مۇنچاق بو-
لۇپ ساڭگىلىشىپ، قىزىرىپ پىشىشقا باشلى-
غان زىرىقلار، جىغانزارلىق بىلەن قاپلان-
غان بۇ بىر پارچە ئوتلاق ياپ - يېشىل
كۆرۈنۈشى بىلەن كۆڭۈللەرگە زوق بېغىش-
لايتتى. كېچە چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرى
ئوتلارنىڭ ياپراقلىرىدا مەرۋايىتتەك يال-
تىرايتتى. كۈزنىڭ شەپىسىنى سېزىشكەن
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى پىسەنتىگە ئىلمىغان-
دەك، ئوتلاقنىڭ چېھرىسىگە يەنىمۇ گۈزەل
سىن كىرگۈزۈپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر-
چېچەكلەر قۇشلارنىڭ ئىلھامىنى قوزغى-
ۋەتكەنىدى. ئاخىرقى قېتىم پەرزەنتلىرىنى
ئۇچۇرۇم قىلىۋېتىشكەن بۇ قۇشلار
ئەمدى خاتىرجەم سايراشلىرى بىلەن
ئوتلاقنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى، غۇژمەك ئۆس-
كەن ئازغانلارنىڭ تۈۋىدىن سىرغىپ -
بۇلدۇقلاپ چىقىشقان بۇلاقلارنىڭ سۈزۈك سۇ-
لىرى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا جور بول-
غاندەك، تىنىمسىز شىلدىرلاشلىرى بىلەن
بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ بىر ئېقىننى
ھاسىل قىلغىنىچە، ئوتلاقنىڭ شەرقىي چې-
تىدىن ھەيۋەتلىك شاقىراپ ئېقىپ كېتىپ
بارغان دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ باراتتى،
ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرى تاڭ سۈزۈلۈش

بىلەن تەڭلا ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ يې- قىلىق غوڭۇلداشلىرى بىلەن كۆلدىن- كۆلگە قونۇپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى قې- تىم شىرنە يىغىشماقتا ئىدى.

ئىككى چېتى ئوت - چۆپ ئۈنمەس تا- قىر تاغلار بىلەن ئورالغىنىچە، شىمالغا قاراپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ تارغىنا بىر كارىدۇر هاسىل قىلغان، هېلىقى تاغ- لار بىلەن قېيىشقاندەك ياپ - يېشىل كۆل- لەپ - ياشناپ تۇرغان بوستانلىق - ئەلگە مەشهۇر تۇز ئاۋات جىلغىسى ئىدى. هېلى- قى ئوتلاقنىڭ شىمالىي بۆككىدە ئۆسكەن جىغان، يۇلغۇنزارلىق بىلەن پۈركەلگەن جاڭگاللىق، جەنۇبىي تېرىلغۇ ئېتىزلى- رىدىن ئىبارەت كىچىككىنە كەنت بولۇپ، ئويۇق ئۆسكەن سۆگەت تاللىرى ئارىسىدا چال- تاملىق دېهقان ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. مورىلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۈتۈنلەر سەهەر سالقىنىدا كەنت ئىچىگە تارىلىپ، سەهەرلىك تۇمان بىلەن ئارىلىشىپ، كەنت ئۈستىدە لەيلىشىپ يۈرەتتى. خان تەڭرى چوققىسىنىڭ باغرىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا قاراپ زور ئېقىن بولۇپ ئېقىپ كېتىپ بار- غان تۇز ئاۋات دەرياسى بولسا تۇز ئاۋات تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ، پايانسىز سايلىققا، ئان- دىن ئۇلۇغ يار چۆلىگە قاراپ سوزۇلۇپ غايىپ بولاتتى. بۇ — ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى بىر سەهەر بولۇپ، كەنت ئىچىدىن، ئالدىغا ئىككى يۈزچە قوي ئۆچكىلەرنى سېلىپ هەيدىگەن، 14 - 15 ياشلاردىكى بىر بالا تۇز ئاۋات دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ شىمالغا — هېلىقى چىرايلىق ئوتلاق تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. بېشىغا كونا، يىپلىرى قىرچىلىپ كەتكەن بادام دوپپا، ئۈچىسىغا كىرماتا شىم، كۆينەك، پۇتىغا كالا تېرى- سىدىن قىلىنغان قوپال چورۇق كەيگەن، ئورۇق، قارا كۆزلۈك بۇ بالىنىڭ چىرايى- نى نېمىشقىدۇر خاپىلىق تۇمانلىرى باسقان، كۆزلىرىدە غەزەپ - نەپرەت، جاهاندىن كۆڭلى قېلىشتەك تۇيغۇلارنىڭ ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بالا كېتىۋېتىپ ئېرەڭسىزلىك بىلەن، توپتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئوتلىماقچى بولغان قوزا - ئوغ- لاقلارنى «هايت - هايت ئۆلمىگۈرلەر» دەپ تاش ئېتىپ ۋاقىرغىنىچە توپقا قوشۇ- لۇشقا ئۈندەپ قوياتتى. ماللارمۇ باققۇچى- نىڭ كۆڭۈل خاپىلىقىنى چۈشەنگەندەك، ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك هە دېسە ئۇياق- بۇياققا تارقىلىپ كېتىشمەي، توپ بولۇپ كېتىپ بېرىشاتتى. بالىنىڭ ئىسمى تاهىر، مۇشۇ كەنتلىك، دادىسى كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، ئاتىمىلاردىن ئاشقان ئاغرىقچان ئانىسىنىڭ قولىدا، كىشىلەر ئىشىكىدە چوڭ بولغان، ئىككى ئاكىسى بولسىمۇ، جاهان- نىڭ قاتتىقچىلىقىدىن، يۇرتىنى، ئانا ۋە ئۇكىسىنى تاشلاپ نەلەرگىدۇر كېتىشكەن، تاهىر سەل كېرەككە كەلگىدەك بولغىنىدا مال باققۇچى بولۇپ ئانىسىنى بېقىپ، تۇر- مۇشنى قامداشقا باشلىدى.

مەيلى شەهەردىكى ياكى تاغ رايونلى- رىدىكى بولمىسۇن پۇلدار، هاللىق كىشى- لەرنىڭ مال - چارۋىلىرى ئەلۋەتتە، ئوتى ئەلۋەك، سۈيى مول بولغان تىيانشان تاغلىرىنىڭ قاپتاللىرىدىكى يايلاق - ئوت- لاقلاردىن ئورۇن ئېلىشىدۇ، هېلىقىدەك پارچە - پۇرات ئوتلاقلارنى ئۇلار نەزەرى- گىمۇ ئىلىپ قويۇشمايدۇ، ئەمما تاهىر ئۈچۈن بۇ ئوتلاق بەكمۇ قەدىرلىك ئىدى، تاهىر ئۈچۈنلا ئەمەس، تۇز ئاۋات كەنتىنى

ماكان قىلغان كۆپلىگەن ئامرات كىشىلەر-
نىڭ ياكى شەھەر-يېزىلاردىكى چارۋىسى
ئىككى - ئۈچتىن ئاشمايدىغان ھالسىز ئا-
ئىلىلەرنىڭ نەزەرىدىمۇ ئالاھىدە ئەتىۋار-
لىق ئوتلاق بولۇپ سانىلاتتى، تاھىر نىڭ
ھەر يىلى بۇ ئوتلاقتا توپلاپ بېقىپ بېرىدىغىـ
نى ئەنە شۇنداق چارۋىسى ئاز، ھالسىزراق
كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرى ئىدى. تاھىر ئا-
ئىسىنى ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن
مالچىلىقتىن ئىبارەت تۇرمۇش يولىنىڭ
تېپىلغانلىقىدىن خۇشال. چۈنكى، بۇ ئىش
بىلەن گەرچە ئامرات بولسىمۇ، كىشىلەرگە
بويۇن قىسماي ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ
يېيىشتەك روھى ئەركىنـ
لىكتىن بەھرىمەن بولالايتتى.

تاھىر ماللىرىنى ھەيدىگەچ بىر بېسىپ،
ئىككى بېسىپ ھېلىقى ئوتلاققا يېتىپ كېلىپ
قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. سەھەرنىڭ
دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان گۈزەللىكى
بىلەن بېزەلگەن ئوتلاق، ھايات ئەركىلىكى،
شاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن، كىشىگە روھى
ئەركىنلىك بېغىشلايدىغان خىلۋەت تىنچ -
لىقى بىلەن تاھىرغا قۇچاق ئېچىپ تۇرماق-
تا ئىدى، تاھىر ئوتلاقنىڭ ئەنە شۇنداق
ھايات بەخش تىنچلىقىنى سۆيەتتى. ئۇ،
يايلاققا يېتىپ كېلىپ ماللىرىنى ئوتلاققا
ھەيدىۋەتتى. ماللار مۇبادا قوچىسىنىڭ كۆڭلى-
دىكىنى چۈشەنگەندەك ئەتراپقا تەرتىپلىك
تارىلىپ بىخىرامان ئوتلايتتى ياكى تو-
يۇنغاندىن كېيىن بىرەر جىغان ياكى تال-
نىڭ سايىسىدا يېتىپ يىگەنلىرىنى ئېرىدى-
چەكلىك بىلەن كۆۋشەيتتى. تاھىر بولسا
كۆرپەدەك يۇمشاق، قېلىن ئوتلار ئۈستىدە
ئوگدامچىسىغا يېتىۋېلىپ، تىنىق ئاسمانغا
تىكىلگىنىچە بەخت ھەققىدىكى ئارزۇ -

ئارمانلار ھەققىدە تاتلىق خىياللارنى
سۈرەتتى ياكى بولمىسا مۇزدەك سوغۇق،
سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە چۆمىلەتتى، دەريا بويىغا
كېلىپ يوغان - يوغان تاشلارنى پەسكە-
دەريا ئېقىمىگە دومىلىتىپ ئوينايتتى. ھەممە-
دىنمۇ كۆڭۈللىكى، ئوتلاقتىن ئىككى- ئۈچيۈز
قەدەم نېرىدىكى چوخچىيىپ تۇرغان، ھېچ-
نەرسە ئۈنىمەيدىغانجەينەك- تىقىر-قىيالىق
چوققىغا چىقىۋېلىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىش
ئىدى. بۇچوققىدىن كۆللەپ تۇرغان تۇز-
ئاۋات جىلغىسى، جىلغىنىڭغەربىي قىرغى-
قىنى ياناپ، كۈمۈش ئارقاندەك ئەگرى -
بۈگرى سوزۇلۇپ ئاققان تۇزئاۋات دەرياسى،
ئېگىز-پەس ئىدىرلىقلار، ئوتلاق ئارىسىدىكى
ئازغانلار توۋىدە ئوينىشىپ يۈرگەن توش-
قانلار، سېرىق قۇيرىقىنى «لىپلا» قىلغىنىچە
كۆزگە غىل-پال كۆرۈنۈپ غايىپ بولىدىغان
تۈلكىلەر، پات-پات ئۈۋىلىرىدىن چىقىشىپ
كۈنگە قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان لەگمەن
تاختاقلار، ئەشۇ لەگمەن تاختاقلارنى يەم
قىلىش ئۈچۈن، تۈيدۈر ماستىن سوزۇلۇپ
يەر بېغىرلاپ كېلىۋاتقان قارا دېغى بار
سۇرلۇك يىلانلار... ھەممىسى
شۇنداق ئېنىق، شۇنداق قىزىقارلىق، كۆڭۈل-
لۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ مەنزىرىلەرنى
تاماشا قىلىشتىن زېرىكسە، پەسكە چۈشەتتى -
دە، يۇلغۇن، جىغان شاخلىرىدىن سۇندۇرۇپ
بىر يۈدۈمە ئوتۇن تەييارلايتتى، ئاخىرچە
كەچمۇ كىرىپ قالغان بولاتتى. تاھىر بىرلا
ئىسقىرتىپ ماللارنى يىغاتتى - دە، ھېلىقى
ئوتۇننى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئۆيگە راۋان
بولاتتى. تاھىر نىڭ كۈنى ئوتلاقتا مانا
شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى.

لېكىن بۈگۈن تاھىرغا ئوتلاقنىڭ بۇنداق
خۇش تەبەسسۇملۇق سەھەر مەنزىرىسىمۇ

تەسىر قىلالمىدى. ئۇ، خاپىلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەتراپقا ئىرە نىمزلىك بىلەن بىر يىۇگۇرتتى - دە، كىۈند ىكىدىن ئازلاپ كەتكەن مالالارنى ئوتلاققا ھەيدەپ قويۇپ، يوغان توغراقنىڭ تۈۋىدە چوخچىيىپ تۇرغان قازا قۇرام تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، قېلىن ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ تىنىق ئاسمان يىۈزىدىن كىۈند ىكىدەك ئۆزىگە سىرلىق ۋەشېرىن زوق بېغىشلايدىغان خىيالى كۆرۈنۈشلەرنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇلىۈشكۈن ئۆزىگە خاپىلىق - خورلۇق كەلتۈرۈپ يۈرگەن زوراۋان ھادىسىلەرنىڭ سەترلىرى تېز ئەلىشقا باشلىدى.

× ×

تاھىر مالىرىنى كۈندىكىدەك ئوتلاققا ھەيدەش ئۈچۈن سەھەردە ئورنىدىن تۇرغىنىدا، كەنت ئىچىدىنى قىلىنچ، مىلتىق، پىلىمۇت، مىنامىيوتلار بىلەن قوراللانغان توپ - توپ ئەسكەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلارچە تەلەپپۇزدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، سۈرەھە يۋىسى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش كاج - قاغىش مىجەزلىك ئاتلىرىنى ئوينا قىلىتىپ تېرىلغۇلارنى چە يلە يتتى، ئۇدۇل كەلگەن ئۆيلەرنى تىنتىپ ئاختۇراتتى، بىر قىسىملىرى تاھىر چۈشىنەلمەيدىغان ئۇيغۇرچە تىلدا سۆزلەشسە، كۆپىنچىلىرى تاھىر چۈشىنەلمەيدىغان تىل بىلەن كالدىرلىشاتتى. كەنت ئاھالىسى مۈشۈكنى كۆرگەن مۈشۈكتەك قورالىق ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇلارنى تولىمۇ قورقۇنچ ۋەھىمە يىرانلىق بىلەن قارشى ئالدى.

تېز پەيدا بولغان كەنت ئاقسا قىلى، چىكىسىگە 12 بۇرجەك ئاق يۇلتۇز بەلگىسىنى تاقىغان قاسقان شەپكە، ماشرەڭ شىم - چاپان، يالتىراپ تۇرغان خۇرۇم ئۆتۈك كەيگەن، بەل ۋە مۈرىلىرى يالتىراپ تۇرغان تاسمىلار بىلەن ئورالغان، يېنىغا قىلىچ، تاپانچا ئاسقان چىرايى سۇرلۇك، ئېگىز قاتاڭغۇ بىر ئادەمنىڭ قېشىدا خۇشامەت بىلەن ھېجىيىپ، قول باغلاپ تۇراتتى.

تاھىر مالىرىنى ئوتلاققا ھەيدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا قىزىقسىنغىنىدىن ئوت - چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن قوتاننىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى - دە، ئىشىكلاردا ئىنتىلاردەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن، ھېلىقى ئوفىتسېردەك فورما بىلەن ئەمما ئاددىراق كېيىنگەن ئەسكەرلەرگە سەپ سالدى. «كىملەردۇ بۇ؟ بۇنداق سەھەردە قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ھە، نېمە ئىش قىلمىدىغاندۇ؟»

— ھەي، تاھىر! — دەپ ۋارقىرىدى بىر قانچە ئەسكەرنىڭ ھاممىسىدا بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقان تەمبەل، چاڭگا ساقال يېزا ئاق ساقىلى، — پەسكە چۈش! كەپ بار! نېمە ئۆگزىدە ماراپ تۇرۇپ كەتتىڭ؟

— ......

ھودۇقۇپ كەتكەن تاھىر، ئۈنچىقماي يەرگە «تاقلا» قىلىپ سەكرەپ چۈشتى - دە، قېلىن، ئېگىز ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن تام ئارقىسى بىلەن ئايلىنىپ ئاق ساقالنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاڭغىچە ئۆيدە ئاغرىپ ياتقان تاھىرنىڭ ئانىسىمۇ، ئاق ساقالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىئارام بولغانلىقتىن، مۈدۈرۈپ - قوپۇپ دېگۈدەك تاشقىرىغا چىقىپ قالدى.

ئاق ساقال ئەسكەرلەر بىلەن بىللە تۇرغان ھېلىقى ئېگىز ئادەمگە، تاھىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ، تاھىر چۈشەنمەيدىغان تىل بىلەن:

— خاۋ، خىن خاۋ! — دېدى، — شىياۋ

كۆي، گولەي، گولەي، كوي گولەي!

— ھەي بالا تېز كەلمەمسەن، چىملىك لىيەنجاڭ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

تاھىر قورقۇمسىرىغان كۆزلىرى بىلەن گاھ چىملىك لىيەنجاڭ دېگەن ھېلىقى ئېگىز ئادەمگە، گاھ ئۇنىڭ كەينىدىكى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئۇيغۇر تەرجىمانىغا قارىغىنىچە ئاستا چامداپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىچارە ئانىسۇ يالغۇز ئوغلىدىن ئەنسىرەپ، كەينىدىن بىللە كەلگەنىدى. چىملىك لىيەنجاڭ دېگىنى تولىمۇ كۆرەڭ، قاپىقىدىن قار ياغىدىغان بىر نېمە ئىكەن، ئۇ، ئاق ساقالغا بىر ئالايدى - دە، «سەن گەپ قىل!» - دېگەندەك بېشى بىلەن شەرەت قىلدى.

— تاھىر بالام، - دېدى ئاق ساقالمۇ ھودۇققان ھالدا، - بۇلار ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ كىشىلىرى، مانا بۇ كىشى ھۆرمەتلىك چىملىك لىيەنجاڭ جانابلىرى بولىدۇ، ئاڭلىغانسەن، ئېلى ئوغرىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانچى ئەسكەرلىرى تاغدىن ئېشىپ چۈشۈپ، قورغاندىكى ئەسكەرلىرىمىزنى، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنى بۇلاش ئۈچۈن قورشىۋاپتۇ. مانا بۇ ئاكىلىرىڭ، بىز پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن، ئەشۇ ئوغرىلارنى يوقىتىشقا چىققان ئەزىمەتلەر، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم! - تاھىر دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— خاۋ، خاۋ! - دېدى چىملىك لىيەنجاڭ باشمالتىقىنى چىقارغان ھالدا، چۈنكى ئۇ، تاھىرنى «ياخشى جاۋاب بەردى» - دەپ چۈشەنگەنىدى، - ۋومىن گوجا فاگىمىيە نىجۇن، يىلى زىۋازى چاگىيى - ئا! دۇگىلىما؟ نېمەن لاۋبەيشىڭ باۋئەن ۋومىن، فاگىشىگىلا - ئا! خاۋما؟ نېمەن لاۋبەيشىڭ باگىماڭ ۋومىن گوجا فاگىمىيە نىجۇن - ئا!؟

تەرجىمان ئەسكەر تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئاق ساقال قوشۇمچە قىلىپ:

— بۇلار ئۆز ئەسكەرلىرىمىز. پۇقرالارنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىش زىممىمىزدىكى قەرزىمىز ئوغلۇم، شۇڭا ئېلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىپ بولغىچە يېقىن تۇرمىساق بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟!

— ئۇقتۇم، - تاھىر يەر ئاستىدىن ئاق ساقالغا، تەرجىمانغا قاراپ قويدى.

— ئۇققان بولساڭ ئېيتە قېنى؟ ئوتلاق تەرەپتە، جىغانىزارلىقتا، ئېلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ياكى يوچۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىڭمۇ؟

— ياق، - دېدى تاھىر بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئېغاڭلاتقان ھالدا.

— ھىم، جىڭ - جىڭدى مو يۇكەنما؟ نى خوشو، ۋو چاگېلا - ئا؟! نى خاۋ - خاۋدى جۇيى، خاۋ - خاۋدى كەنىيەن - ئا؟!

چىملىك لىيەنجاڭ تاپانچا بىلەن تاھىرغا پوپۇزا قىلدى.

— راستىنلا كۆرمىدىڭمۇ؟ - دېدى ئاق ساقال بىر ئاز يۇمشاپ، - پەخەس بول بالام. ئېلى ئوغرىلىرى كۆپىنچە شۇ تەرەپلەردىن كېلىپ قېلىشى ئېھتىمال. ئەگەر بىرەر شەپە ئالالىساڭ دەرھال چىملىك لىيەنجاڭغا، دۆلەت ئارمىيىسىگە خەۋەر قىل.

— راست كۆرمىدىم ئاق ساقال، مۇندىن كېيىن كۆرسەم چوقۇم خەۋەر قىلىمەن.

— يەنە بىر گەپ، دۆلەت ئارمىيىسىگە ئاش - ئوزۇق، گۆش - ياغ، ئۆي - جاي، ئوت - سامان تەييارلىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا سېنىڭ ئۆيىڭدە ماۋۇ بىر بەن ئەسكەر يېتىپ قوپىدۇ. ئاش - تاماق، گۆش-ياغ…

ھال – ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىسىلەر!

ئاق ساقال كەينىگە قاراپ، مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى ۋال-ۋۇل قىلىپ، سۈرلۈك قاراپ تۇرۇشقان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز ئارىلاش بىر توپ ئەسكەرلەرنى كۆرسەتتى.

– ......

تاھىر جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئاق ساقال قېشىدا تۇرغان مومايغا دېدى:

– ئاڭلىدىڭمۇ زورىخان ئايلا!

– ئاڭلىدىم، ئاق ساقال. ئاڭلىدىم، – دېدى موماي زارلانغان ھالدا، – ئۆيغۇ مانا، ئاش – تاماقمۇ تېپىلىپ قالار، ئەمما گۆش – ياغنى قانداق قىلارمىز. ئۆزلىرى بىلىلا، بىزنىڭ مۇشۇك چاغلىق جانلىقىمىز يوق، قوتاندىكىسى كىشىلەرنىڭ ئامانەت ماللىرى...

– ئا؟ چىڭا لاۋدۇڭشى شوشىما؟ بۇگى؟...

ئەلپازى بۇزۇلغان چىلك ليەنجاڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئاق-ساقالغا تىكتى. قورقۇپ كەتكەن ئاق ساقال، ئىلاجىسىزلىقتىن يىلىنىگەن ھالدا مومايغا چۈشەندۈرۈشكە تۇرۇندى.

– زورىخان ئايلا، نادانلىق قىلمىسىلا! ھازىر ئۇرۇش مەزگىلى، شۇڭا خەقنىڭ ئامانىتى، دەپ ھېسابلىشىپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس، كېيىن ئىگىلىرىگە چۈشەندۈرمەيمىزمۇ؟

– ئاقساقال، بىز بۇلارنى كېيىن نەدىن تاپىمىز؟ ئۇختۇرۇپ بەرگەن بولسىلا؟!

– تامادى ... لودۇڭشى! نازو!

چىلك ليەنجاڭ مومايني كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سېلىۋىدى، موماي ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى – دە، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى، يەنە تەپمەكچى بولىۋىدى، تاھىر چىلك ليەنجاڭنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ يىغلاپ يالۋۇردى.

– چىلك ليەنجاڭ ئاپامنى ئۇرمىسىلا، ئاغرىق ئىدى، ئۇرمىسىلا!

چىلك ليەنجاڭ تاپانچىغا ئوق سۈرۈپ تاھىرنى ئاتقىلى تەمشىلىۋىدى، ئاقساقال ئىزىلىنىپ يالۋۇرۇپ ئاران بالادا بۇ ئىشنى توسۇپ قالدى.

– بۇ ماللاردىن خالىغانچە ئېلىڭلار! – دېدى ئاقساقال ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، – كېيىن ئۆزەم جاۋاب قىلىمەن! ليەنجاڭ، سەھرا ئادەملىرى دېگەن قائىدىسىز، قوپال كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاغرىپ – ئالجىپ قالغان بىر موماي، بۇلارنىڭ كېپىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا! ھەر بىرلىرىنى مەن رازى قىلاي! – ليەنجاڭ ئۇلۇغ – كىچىك بىر تىنىدى – دە، باياقى رايىدىن ياندى. ئاڭغىچە ھېلىقى ئەسكەرلەر قوتاندىكى ماللىغا يوپۇرۇلدى. ئاقساقال قايتىپ كېتىۋېتىپ تاھىرغا ئاستا پىچىرلىدى:

– ساراڭ بولدىڭلارمۇ؟ سىلەرگە جان لازىممۇ – يوقمۇ؟ قانچە يەسە توسماڭلار! كېيىن ئىگىلىرىگە مەن جاۋاب قىلىمەن! بۇ ئەسكەرلەر ئۈچۈن دەرھال قازان ئېسىپ، تاماققا تۇتۇش قىلىڭلار!

«ھىھ، تېخى پۇخرالارنى قوغدايدىغان دۆلەت ئارمىيىسىمىش. ‹ئېلى ئوغرىلىرى› – دەپ كېتىشكىنىنى قانداق قىلاي، ئەسلى ئوغرى مۇشۇلار ئىكەنغۇ! تۇفى!» تاھىر، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئانىسىنى يۆلەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە مىڭنى تىللىدى – دە، ئارقىسىدىن غەزەب بىلەن تۈكۈردى.

× ×

تاھىر شىپىرلىغان تىۋىشتىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى ـ دە، تۆت تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى. ماللارنىڭ ئالدى ئوتقا تويۇپ جىغان، ئازغانلارنىڭ تۈۋىدە سۇنايىلىنىپ يېتىشىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆۋشەۋاتاتتى. شىپىرلاش ئەمدى يېقىندىنلا ئاڭلاندى. «ياق، بۇ مال ياكى بىر ھايۋاننىڭ تىۋىشى ئەمەس. قانداقتۇ ...». تاھىر ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، سەگەكلىك بىلەن ئەتراپنى سىنچىلاپ كۆزەتتى. مانا ئەمدى 20 قەدەمچە نېرىدىكى تاللارنىڭ شاخچىلىرى قىمىرلاشقا باشلىدى. «ياق، بۇ ئادەمنىڭ تىۋىشى!». تاھىر ئۇشتۇمتۇت، تاللار ئارىسىدا ئادەملەرنىڭ ئۇيغۇرچە تىل بىلەن ئۆز ئارا قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى ۋە تېنى شۈركىنىپ كەتتى. كەينىدىنلا ھاپىلا ـ شاپىلا ھېلىقى قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئاران ئۈلگۈرەلىدى. دېگەندەك تاللار ئارىسىدىن يوچۇن كېيىنگەن، قىلىچ ۋە ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان ئۈچ ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ئوچۇقچىلىققا قاراپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. تاھىر چوڭراق تىنىشقىمۇ قورقۇپ تاش ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ كېيىنكە قۇلاق سالدى.

ماشرەك رەختتىن شىم ـ چاپان كىيىشكەن، يۇمىلاق قاسقانلىق شەپكىسىدە بەش يۇلتۇز بەلگە بار، مۈرىسىدىكى يېشىل پاگونلىرىدىمۇ ئاللىقانداق بەلگۈلەر بار بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى كەڭ يەلكىلىك، بۇرۇتلۇق، بۇغداي ئۆڭ بىرسىنىڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، قالغان ئىككىسى بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان ياشقىنا يىگىتلەر ئىدى.

ـ يولداش كوم ئىزۋوت، ـ دېدى ياش يىگىتلەردىن بىرى ھېلىقى بۇرۇتلۇق كىشىنى ھۆرمەتلىگەندەك قىلىپ، ـ بۇ يەر مال باقىدىغان ئوتلاق ئىكەن. ئەنە قاراڭ. ئوتلاپ يۈرگەن ماللار. دېمەك بۇ يەردە مالچىمۇ بولۇشى تۇرغان گەپ!

ـ شۇنداق، ـ دېدى كوم ئىزۋوت دەپ ھۆرمەتلەنگەن بۇرۇتلۇق كىشى، تەمكىنلىك بىلەن بويىنىدىكى دۇربۇننى سىلاپ قويۇپ، ـ بۇ، جەزمەن ئوتلاق. ئەتىدىن بىرى كۆزەتكەن يەرلىرىمىز ئادەمسىز ئورمان، سازلىق، جاڭگال، ئوتلاق ئىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئادەملەر توپلاشقان كەنت جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولسا كېرەك. تېخى بۇ يەرگە گومىنداڭچىلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن ئوخشايدۇ. قېنى ئازراق بىر نەرسە يېۋالمامىزمۇ؟

ـ سادىروفكا، ـ دېدى يەنە بىر ياش جەڭچى، ـ دالدىراق يەردە ناشتا قىلمايمىزمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ چاتقال تۈۋىدە بۇلاق بار ئىكەن. كىم بىلىدۇ دۈشمەن بىزدىن بۇرۇن خەۋەر تېپىپ، مالچى تەرىقىسىدە ياساندۇرۇپ كۆزەتچى قويغان بولمىسۇن يەنە.

ـ كېپىڭ ئورۇنلۇق ئەختەمجان ئۇكام، ـ دېدى سادىروفكوم ئىزۋوت ۋە ئەختەمجان دېگەن قاراقاش يىگىتكە كۈلۈپ قويدى، ـ راست، دۈشمەننى مۇنداق ھىلە قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، يۈرۈڭلار ئەشۇ بۇلاق تۈۋىگە كېتەيلى! ـ ئۇلار تۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، بۇلاق تۈۋىگە كېلىشتى ـ دە، چاتقاللار ئارىسىدا غايىپ بولۇشتى.

تاھىرنى تىترەك باستى، «ھە ـ دېدى ئۇ كۆڭلىدە، ـ ئۆزىنى دۆلەت ئارمىيىسى ئاتىۋالغان ھېلىقى گومىنداڭچى بۇلاڭچىلار يوقاتماقچى بولۇشقان ‹ئىلى ئوغرىلىرى›

دېگەنلەر مۇشۇلار ئوخشىمامدۇ؟ تۇرقىدىن
هېچ ئوغرى - بۇلاڭچىلاردەك قىلىمايدۇ،
شۇنچە ئىناق، ئىللىق ... ».

تاھىر ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ باق-
ماقچى بولسىمۇ لېكىن جۇرئەت قىلالمىدى.
ئۇلارنىڭ چاتقاللار ئارىسىدا قىلىشقان
گەپ - سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

- مېنىڭچە مۇشۇ ئورمانلىق، ئورمان-
لىقنىڭ غەربىدىكى چوخچىيىپ تۇرغان ئې-
گىزلىك دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىشكە
تازىمۇ باپ يەردەك قىلىدۇ. يوشۇرۇنۇشقى-
مۇ ئەپلىك، دەريا بىلەن بۇقىيالىق جەي-
نەكنىڭ ئارىلىقى بەك كەلسە 200 مېتىرچە
كېلەر. دېمەك، دۈشمەننىڭ شىمالغا - بىز-
نى قورشاشقا ماڭىدىغان بۇنىڭدىن بۆلەك
يولى بولمىسا كېرەك.

- قوچقار پاتماس يول ئېغىزىدىچۇ؟
يولداش كوم ئىزۋوت، ئۇ يول بىلەنمۇ
قورغانغا بارغىلى بولارمىش.

- ئەگەر دۈشمەن تاكتىكا ئىشلىتىپ
ئاشۇ يول بىلەن ماڭسا بىزگە تېخىمۇ پايە-
دىلىق. بىز ئۇ يەرگە ئالدىن ئادەم ئورۇن-
لاشتۇرۇۋېتىمىز. قېنى ئەختەمجان، سىز تېز-
دىن ئارقىغا قايتىپ، كېلىۋاتقان ئاساسىي
قوشۇنغا ۋە قوشۇن رەھبەرلىكىگە، رازۋېت
ئەھۋالىمىزنى مەلۇم قىلىڭ. ئالدى بىلەن
زەربىدار ئاپتوماتچىلار ئىزۋوتىنى مۇشۇ
يەرگە ئورۇنلاشتۇرسۇن. مىنا مىيوت ۋە پىلى-
موتچىلار گۇرۇپپىسى دەريانىڭ نېرى
تەرىپىدىكى قوچقار پاتماس
يول ئېغىزىنى كونترول قىلسۇن.
قالغان جەڭچىلەر ۋە پىدائىلار دەريا
قاپتىلىدىكى ئوچۇقچىلىق بىلەن دۈش-
مەنگە كۆرۈنۈپ ئىستىھكام قۇرسۇن. مۇن-
داقتا، دۈشمەننى قىلتاققا چۈشۈرۈش

ئوڭاي بولار. بۇ پىكرىمنى رەھبەر-
لىككە يەتكۈزەرسىز.

- خوپ! - دېدى ئەختەم-
جان ۋە چاس بېرىپ دەرھال
كۆزدىن غايىپ بولدى. شۇئان قولىدى-
كى پىچاق بىلەن قەلەي كونسېرۋا قۇتى-
سىدىكى ئاخىرقى گۆش قالدۇقلىرىنى پاكىز قى-
رىپ كاپ ئېتەي دەپ تۇرغان ياش جەڭ-
چى، سادىروفقا تەشۋىش بىلەن پىچىرلىدى.

- كوم ئىزۋوت قاراڭ! ئاۋۇ تاش كەينى-
دە بىرسى ماراپ ياتىدۇ!- ئىككى يلەن دەر-
ھال چەبدەسلىك بىلەن ئاپتوماتلىرىنى
تاھىرغا توغرىلىدى، - ھەي قىمىرلىما!
قىمىرلىساڭ ئوق يەيسەن! قولۇڭنى كۆ-
تۈرۈپ بۇياققا كەل! تاش ئارقىسىدىن
قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتكەن چىراي،
ئاندىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتەرگەن ئورۇق
گەۋدە كۆتۈرۈلدى. تاھىر ئارۋاڭسارۋاڭ
چامداپ، يالۋۇرغىنىچە بۇلارنىڭ ئال-
دىغا كېلىۋاتاتتى.

- مەن مالچى، شۇ يەرلىك، قېرى ئانام
بارتى، مېنى ئاتماڭلار، ئوبدان ئاكىلار...
ئىككى يلەن، يالۋۇرۇپ كېتىۋاتقۇچىنىڭ
كىچىك بىر ئۆسمۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈش-
تى-دە، قورالنى چۈشۈرۈشتى. ئاندىن خە-
جالەت بولغاندەك بىر - بىرىگە قاراپ
كۈلۈمسىرەشتى. سالماق چامداپ چاتقان-
لار ئارىسىدىن چىقىشتى. بالىنىڭ ئۇس-
تى بېشىغا ۋە قورقۇپ تۇرغان كۆزلىرى-
دىكى سەمىمىيەتنىڭ ئىپادىلىرىگە قاراپ
ئۇنىڭ راستىنلا مالچى بالا ئىكەنلىكىگە
ئىشىنىشتى.

- قورقما ئۇكام، - دېدى سادىروف
مېھرىبانلىق بىلەن بالىنىڭ بېشىنى
سىلاپ تۇرۇپ، - بەلكىم ئاڭلىغانسەن،

بىز خەلقنى ئەزگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلىنىڭ ياللاقچىلىرىنى يەر يۈزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن قوزغالغان ئىلى خەلق مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى بولىمىز. ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلارنى يوقىتىپ، سىلەردەك ئېزىلگەن پۇقرالارنى ئازاد قىلىشقا كەلدۇق، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى تاھىر يېنىك تىنىغان هالدا، — مەنمۇ تۈنۈگۈن ئاڭلىغانىدىم.

— هە، شۇنداقمۇ؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

بالا، تۈنۈگۈن كەنتكە كەلگەن گومىنداڭچىلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن شىكايەت قىلدى.

— هىم، — دەپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويدى سادىروف، — گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆزلىرى قاراقچىلار — ئوغرىلار تۇرۇپ، تېخى بىزنى «ئوغرىلار» دەپ خەلققە يامان كۆرسىتىپ يۈرۈپتۇ — دە، ئەبلەخلەر!

— ئۇلار تېخى سىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن كەپتىمىش.

— هىم، كىمنى — كىم يوقىتار كىن كۆرەرمىز! — سادىروف نەپرەت ۋە غەزەب ئارىلاش كۈلدى — دە، ئاپتوماتىنى چىڭ سىقىداپ قويدى، بىردەم جىملىقتىن كېيىن يەنە جىددىي هالدا، — بىز قورغاننى مۇھاسىرە قىلغانىدۇق، ئارقىمىزدىن دۈشمەننىڭ ياردەمچى قىسىملىرى تۈز ئاۋاتقا كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، پىلاننى ئۆزگەرتتۇق. ئارقىمىزدىن ئاساسىي قوشۇن كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ يەردە دۈشمەن بىلەن بىر قەپەز ئېلىشماقچىمىز، ئۇكام سەن كەنتتىكى دۈشمەنلەرنىڭ هالىدىن ئاز تولا بىر نەرسە دەپ بېرەلەرسەنمۇ؟

— دەپ بېرەلەيمەن.

تاھىر، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ تەخمىنەن بولسىمۇ سانى، قورال - ياراقلىرى، كىيىم - كېچەك، روھىي هالىتى ۋە باشقىلار توغرىسىدا ئېيتىپ بەردى.

— ئەمدى، — دېدى سادىروف تاھىرغا يېقىنلىغاندەك ناھايىتىمۇ يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن، — سەن بىزنى بۇ يەردە كۆرگەنلىكىڭنى هەم مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنغانلىقىمىزنى هازىرچە هېچكىمگە، هەتتا ئاناڭغىمۇ ئېيتماسلىقىڭ كېرەك. ئەگەر ئېيتىپ قويۇپ، دۈشمەنلەر بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قالسا، بىزنى يوق قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن. چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم.

— بىزنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن يوق قىلىپ تاشلىنىشىمىزنى خالىمايدىغاندۇرسەن؟

— ئاكا، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامالا نېمە؟ مەن ئۇ قاراقچىلارنىڭ قانداق نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمىسەمغۇ كاشكى... بۇ سىرنى هېچكىمگە تىنمايمەن!

سادىروف تاھىرنىڭ ئىشەنچىلىك ۋەدىسىدىن مەمنۇن بولدى — دە، قولىنى بالىنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

— رەھمەت ئۇكام، ئەگەر بۇ جەڭدە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىساق، بۇنىڭدىكى ئاساسىي شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر دۈشمەنلەر سوراپ تۇرۇۋالسا، سانىمىز ۋە ئىستىھكام قورغان ئورنىمىز جەھەتتە يالغان مەلۇمات بېرىپ قويساڭ بولىدۇ. ئىشقىلىپ دۈشمەنلەر قايمۇققىدەك...

— بۇنى قىلالايمەن.

قۇياشمۇ يانغا قىڭغايدى. جەڭچىلەر بىلەن بالا بىر - بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ۋەدىلەرنى ئېلىشىپ ئايرىلىشتى.

× ×

ئەتىسى كۈن چۈشتىن قىيىلغاندا، كەنت
ئىچى بىردىنلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى.
ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى كەنتدائىز دەسسىدىن
بىر قەدەممۇ نېرى سىلجىمىغان پۇقرا-
لارنىڭ تەييار ئاش - ئوزۇقىنى يەپ يېتىش-
قان دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ نان قېپى ئەس-
كەرلىرى كارنايلارنىڭ جەڭگە تەييارلى-
نىشقا چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆۋدىسى بۇ-
زۇلغان ھەرىلەردەك ئالدىراشلىق بىلەن سەپ-
كە تىزىلىشىۋاتاتتى. كەنت ئاقسا قىلىنىدىك
قوروسىنى ۋاقىتلىق شىتاب قىلىشقان قىسىم
باشلىقلىرى پىشايۋان ئاستىغا سېلىنغان گى-
لەم ئۈستىدە باشلىرىنى بىر يەرگە قىلى-
شىپ بولىدىغان ئۇرۇش ھەققىدە كېڭەش قى-
لىۋاتاتتى. دەرۋازا تۈۋىدە كەنت ئاقسا قىلى
بۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىگە چۈشەن-
مىسىمۇ ھۆرمەت ساقلاپ، قول باغلاپ قا-
راپ تۇراتتى. چىلىك لىيەنجاڭمۇ ئۇلارنىڭ
ئالدىدا دىققەت تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈۋا-
تاتتى.

— بىزنىڭ رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ بەر-
گەن مەلۇماتى بىلەن، مالچى بالىنىڭ ئېيت-
قانلىرى ئاساسەن ئوخشاش چىقتى، - دېدى
چىلىك لىيەنجاڭ مەلۇمات بېرىپ تۇرۇپ، —
ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى كەلگەن
پېتى دەريانىڭ نېرى قېتىغا يوشۇرۇنۇپ
ئىستىھكام قۇرۇپتۇ، - چىلىك لىيەنجاڭ ھەر-
بىي قائىدە بويىچە ئۆزىدىن يۇقىرى دە-
رىجىلىك ئوفىتسېرلار ئالدىدا ئەتىدىن بې-
رى دىققەت تۇرغان بولسىمۇ «راھەت»
بۇيرۇقى بېرىلمىگەنلىكتىن ئاچچىقى كەل-
دى - دە ئۆزى بىلىپ پۇتىنى ئىختىيارى
قويۇۋېتىپ «راھەت» تە تۇردى.

ئوتتۇرىدا - تۆردە ئولتۇر-
غان كۆز ئەينەكلىك، سېمىز ئوفىتسېر
چىلىك لىيەنجاڭنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلىقىغا نارا-
زى بولغانلىقتىن، كۆزىنى ئالايتىپ بىر
پەس تۇرۇپ كەتتى - دە، ئۇرۇش ۋاقتى
بولغاچقا ھەم چىلىك لىيەنجاڭدەك قولىدىن
ئىش كېلىدىغانلارغا ئېھتىياجلىق بولغاچ-
قا ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەي
ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ دەريا -
نىڭ بۇ قېتىدىكى ئۆزىگە قولايلىق پوزىتى-
سىيىنى تاللىماي، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئىستىھ-
كام قۇرۇشتا بىر ھىيلە يوشۇرۇنغان بولمى-
سۇن يەنە، - دېدى كۆز ئەينەكنىڭ يې-
نىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك بىر ئوفىتسېر، -
مېنىڭچە شىمالدىكى ئورمانلىق دوقمۇشقا
بىزگە سەزدۈرمەي ئادەملىرىنى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن،
بۇ تەرەپ پۇختا تەكشۈرۈلگەنمۇ؟

— تەكشۈرۈلگەن، - دەپ جاۋاب بەردى چىلىك
لىيەنجاڭ كۆرەڭلىك بىلەن، - خاتىرجەم بو-
لۇڭلار، دۈشمەن جەزمەن دەريانىڭ ئۇ
قېتىدا ئىستىھكام قۇردى.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، - دەپ
چىلىك لىيەنجاڭنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى كۆز-
ئەينەك، - ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار
دەريانىڭ ئۇ قېتىنى ۋە قوچقار پا تماس
جىلغىسىدىكى يولنى ئېھتىيات ئورنى قىلىپ
تاللىۋالغاندەك، دەرۋەقە ئەگەر ئۇلار مەغ-
لۇب بولۇپ قالسا، بۇ يول بىلەن، قورغان-
غىمۇ، باغىمۇ ھەم قېيىر، تەلەمەتكىمۇ
توسقۇنسىز چېكىنىپ كېتەلەيدۇ. قېنى
پۇرسەتنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم
باشلايلى. قېنى سەنمۇ جاڭ بۇيرۇقنى ئۇختۇ-
رۇڭ! - ئوفىتسېرلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ
تەييار بولۇشتى.

— ئاتلىق بىرىنچى، ئىككىنچى لىيەن -

جەڭگىۋار لىيەنلەر، شۇڭا بىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىز بولىدۇ. بۇ لىيەنلەر چىلىك لىيەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئورمانلىق ئارىسى ۋە قىيالىق قاقشاردىن يوشۇرۇن ئايلىنىپ شىمالغا يېتىپ بېرىپ، دەريادىن تۇيدۇرماي، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىدۇ. ئۈچىنچى، بەشىنچى لىيەنلەر ئۇدۇلدىن - دۈشمەنگە كۆرۈنۈپ هۇجۇم قىلىدۇ. تۆتىنچى لىيەن تۈز كانىنى يانداپ، قوچقار ياتماس ئېغىزىغا هۇجۇم قىلىدۇ. چىلىك لىيەنجاڭ بۇ جەڭنىڭ هالقىسى سىز. غەلىبە قىلالىسىڭىز مەرتىۋىڭىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مەغلۇب بولسىڭىز...

سەنمۇ جاڭ، چىلىك لىيەنجاڭنىڭ كۆڭلى چېگىلمىسۇن - دېدىمۇ، ئاخىرقى گەپنى دېمەي توختاپ قالدى.

— خوپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمەن!

چىلىك لىيەنجاڭ چاس بەردى - دە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن دەرهال ئۆزىنى سىرتقا ئالدى. بۇ چاغدا ئۇ باشلاپ ماڭىدىغان قىسىملار ئاتلىرىغا مىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشقانىدى. چىلىك لىيەنجاڭ مەمنۇن بولغان هالدا ئېتىغا مىندى - دە، دەرهال بىر ئىش يادىغا كېلىپ ئاتنى توختاتتى.

— مالچى قېنى؟

— مانا بۇ يەردە!

— ئاق ساقال، ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلساق بولارمۇ؟ - دەپ سورىدى چىلىك لىيەنجاڭ ئاق ساقالدىن.

— بولىدۇ لىيەنجاڭ، تازا بولىدۇ، ئۇ بالا بۇ يەرنىڭ هەر بىر تال تاش - گىياسىغىچە ئوبدان بىلىدۇ. سۇغىمۇ پىششىق، بۇ كەنتتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يول باشلىغۇچىمۇ يوق، كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىڭلا.

ئاق ساقال جاۋاب بېرىپ بولغىچە، تاھىرمۇ كەلتۈرۈلدى.

— هەي بالا! - دېدى چىلىك لىيەنجاڭ قامچىسى بىلەن چېكىپ تۇرۇپ، - ئەمدى بىزگە يول باشلايسەن، ئەگەر خاتا باشلىساڭ ياكى قارا نىيەتلىك قىلساڭ تېرەڭنى سويىمەن! چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم! - دەپ جاۋاب بەردى تاھىر ئەمدى هودۇقماي تۇرۇپ.

— غوپۇر پەيجاڭ، هەر ئېهتىمالغا قارشى، مالچىنىڭ بىلىكىدىن تانا بىلەن باغلاپ تۇتىۋېلىڭ. بىزنىڭ مىللىي پەي ئالدىدا ماڭىسىلەر، ئەگەر ئىش تۇغدۇرۇپ قويسىڭىز بېشىڭىز كېتىدۇ - هە!؟

— خوپ. دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىمەن!

هۇجۇم يۈرۈشى باشلاندى. ئۇلار ئاتلىق بولغاچقا بىر دەمدىلا تاھىر مال باقىدىغان ئوتلاققا يېقىنلىشىپ قالدى. ئالدىدىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن بوككىدە جىغان، تالزارلىقنى ۋە ئۇنىڭغا ياندап تار دوقمۇش هاسىل قىلغان قىيالىقنى كۆرۈپ، چىلىك لىيەنجاڭنى سۈر باسقىلى تۇردى. ئۇ: «مۇشۇ يەر بەك خەتەرلىك تۇرىدۇ. راستىنلا دۈشمەنلەر بۆكتۈرمە قويمىغانمىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ توختاپ قالدى - دە، تاھىرغا قارىدى. بالا هېچ ئىش يوقتەك بىخارامان كېتىپ باراتتى. چىلىك لىيەنجاڭ ئۆزىدىكى قورقۇنچنى ئەسكەرلەر سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم تۇرۇشقا تىرىشىپ ئارقىدىراق مېڭىش ئۈچۈن ئېتىنى دېۋىتتى.

— هەي شۇم، بىزنى نەگە باشلاپ كېتىۋاتىسەن! - دەم ئۆتۈپ غەزەب بە-

لەنۋار قىرىدى چىلىك لىيەنجاڭ ئالاقزادە بولغان هالدا. دەرۋەقە، تاهىر باشلىغان ئەسكەرلەر ئورمانلىقتىن غەربكە ھېلىقى قىيالىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى.

— دەريا بىلەن غەربىي تاغقاپتىلىنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ تار-دەپ جاۋاب بەردى تاھىر ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ،-دەرياقاپتىلى بىلەن مېڭىش خەتەرلىك، ئوچۇقچىلىق، دۈشمەنلەر كۆرۈپ قالىدۇ. ئورماننى دالدا قىلىپ يۇقىرىغا ئۆتۈشتە، مۇشۇ قىيا قاشتارئالدىدىن ئۆتمەك بولمايدۇ. باشقا ئىشەنچلىك يول يوق، يەنە تېخى دەريانىڭ بۇ ئۆدۈلى سۈيى يىغىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر، تېز بولغاچقا ئۆتكىلى بولمايدۇ. بۇ تار نىيانى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆتۈۋالساق، دەريانىڭ يۇقىرى بېشى تارىقاي ھەم ئارالچىلار ۋە ئارالچىلاردا بۈككىدە ئورمانلىق بار، مۈكۈنۈپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە بەكمۇ ئەپلىك! كېيىمگە ئىشەنمەسەڭلار ئۆزەڭلار يول تېپىپ مېڭىڭلار، ئەمىسە!

— ...

ئەسكەرلەر بىر-بىرىگە قاراشتى، ئىسلاجىسىزلىققا چۈشكەن چىلىك لىيەنجاڭمۇ تاھىرنىڭ دوك-دوك قىلغان گەپلىرىدىن قايىللىق ھېس قىلىپ، غوپۇر پەيجاڭغا يالت قىلىپ قارىدى-دە، بىلىنەر-بىلىنمەس ھېجىيىپ قويدى، غوپۇر پەيجاڭمۇ «بالىنىڭ دېگىنىگە كۆنە يىلى» دېگەن مەزمۇندا باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇلار يەنە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. بىر ئازماڭغاندىن كېيىن دەل قىيالىقنىڭ تۈۋىگىلا يېتىپ كېلىشتى، شۇ چاغ تاھىر تۇيۇقسىزلا:

— ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى — دە، غوپۇر پەيجاڭنىڭ قولىدىن بىرلا يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى. باياتىن بىرى بالىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى نازارەت قىلىپ كېلىۋاتقان، چىلىك لىيەنجاڭ تاھىرغا قارىتىپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزدى. تاھىرنىڭ قورسىقى



«ۋىژژىدە» قىلىپ ئىچىشىپ كەتتى، ئۇ قورسىقىنى قولى بىلەن تۇتقان هالدا، يېنىدىلا ئېقىۋاتقان، قىرغاقلىرى بۈككىدە تاللار بىلەن قاپلانغان سۈيى چوڭقۇر بولاقلىق ئېقىنغا ئۆزىنى ئاتتى-دە، كۆزدىن غايىپ بولدى، شۇئان قىيالىق تەرەپتىن پىلىموت، ئاپتوماتلارنىڭ تاتاتلىغان ئا-

ۋازى بىلەن تەڭلا دۈشمەنلەر
ئۈستىگە ئوق يامغۇرى
ياغدى. گىراناتلارنىڭ پارتلاشلىرىدىن تار-
قالغان گۈمبۈرلەش ساداسى يەر-جاھاننى
زىل-زىلىگە كەلتۈردى. چىڭ لىيەنجاڭ بې-
رىنچى ئوقتىلا ئاتتىن ئۈچۈپ چۈشتى-دە،
ئۆلدى. باشلىقسىز قالغان گومىنداڭچىلار،
مۈشۈكتىن ھۈركىگەن چاشقانلاردەك پىتى-
راپ، جان پاناقاش ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن
يەرگە باش چۆكۈرەتتى. گىرانات زەربىسىدىن
تىتىلىپ كەتكەن تەنلەر، باش پارچىلىرى،
ئۈزۈلگەن قول-پۇتلار ئاسمانغا كۆتۈرۈ-
لەتتى-دە، يۈرەكلەرگە دەھشەت سېلىپ
زېمىن ئۈستىگە چېچىلىپ چۈشەتتى. بۇ يەر-
دىكى ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، دەريانىڭ
نېرىقى تەرىپىدىمۇ ئېتىشىش باشلىنىپ
كەتتى. ئىككى-ئۈچ سائەتكىچە سوزۇلغان
ئېتىشىشتىن كېيىن كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپ-
نى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەتىسى بىرى
ھەيۋە بىلەن قاپساپ كېلىپ، جاھىللىق بى-
لەن تىركىشىۋاتقان گومىنداڭچىلارنىڭ ھا-
لى بارا-بارا بوشاپ كەتتى-دە، مىللىي
ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ غەيرەت بىلەن
«ھۇررا» توۋلاپ قىلغان شىددەتلىك ئاتا-
كا ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي
قورال-ياراق، ئۆلۈكلىرىنى
تاشلاپ، «ئاقسۇ نەدىسەن؟»- دەپ قۇيرۇقى-
نى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى.

× ×

ئۇكۈنى جەڭ كېچىگە سوزۇلۇپ كەتكەنلىك-
تىن، سادىروف باشلىق جەڭچىلەر جەڭ ھە-
لەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاھىرنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانىدى، جەڭ ئاخىر-
لاشقاندىن كېيىن، كېچە بولۇشىغا قارىماي
تىمىسقىلاپ ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسە-
دىنى ھېلىقى ئېقىننىڭ ئايىغىدىن-دەر-
ياغا قۇيۇلىدىغان جايدا سۇغا ئۆرۈلگەن
يوغان تاغ تېرىكىنىڭ سۇغا چىلىشىپ قال-
غان يىلتىزىنىڭ ئۈستىدىن تېپىشتى، ئىلا-
جىسىز شۇ يەردىلا ۋاقىتلىق يەرلىك قې-
زىپ كۆمۈپ قويۇشتى-دە، ئۇرۇشنىڭ پاي-
دىلىق ۋەزىيىتىنى قولدىن بېرىپ قويماس-
لىق ئۈچۈن، بۇيرۇق بويىچە قورغاننى
قايتا مۇھاسىرە قىلىشقا يۈرۈپ كېتىشتى،
تۈز ئاۋاتتىكى جەڭ غەلىبىسىدىن تېخىمۇ
غەيرەتكە كەلگەن ئىلى مىللىي ئازادلىق
ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ
جەڭچىلىرى، قوشۇن رەھبەرلىكىنىڭ چىۋەر
قوماندانلىقى ئاستىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ
قىلىپ قورغاننى ئازاد قىلدى، غەلىبە تەنـ
تەنىسىدىن كېيىن ئاقسۇنى ئازاد قىلىشقا
ئاتلانغان قوشۇن كېتىۋېتىپ تۈز ئاۋات
كەنتىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

تۈز ئاۋات جېڭىدە، پىداكارلىق-سا-
داقەتلىك روھى بىلەن تېخى ئېچىلمىغان
غۇنچە ھاياتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى-
نى گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قى-
لىشتەك ھەققانىي-ئۇلۇغۋار ئىشقا تەقدىم
قىلىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان تا-
ھىرنىڭ ئانىسى بۇ ئېغىر جۇدالىقنى كۆ-
تۈرەلمەي ۋاپات بولغانىدى.

جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىم قوماندانلىقى
قەھرىمان ئوغۇل ۋە بوۋىداق قەھرىمان
ئوغۇلنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قەھرىمان ئا-
نىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ناھايىتى تەنـ
تەنىلىك، تەسىرلىك ئۆتكۈزدى. قىزغىن-
قىيسىق، سۇگاقلىرى چۈشۈپ، كېسەكلىرى
ئېچىلىپ، تاملىرىنى يۆگۈمەچلەر بېسىپ
كەتكەن كونا يېزا مەسچىتىنىڭ ئالدىغا
ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە پۈتۈن قوشۇن
جەڭچىلىرى، كەنتنىڭ بارلىق ئەر ئاھالى-
سى توپلانغانىدى. تەنتەنىلىك نۇتۇقتىن
كېيىن، مۇسۇلمانلار قائىدىسى بويىچە مېيىت-
لارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى، ئاندىن يىغا-
زارە بىلەن شەرەپلىك بۇ ئىككى قەھرىمانىنىڭ

(ئاخىرى 33 - بەتتە)

# شېئىرلار

## سۇلايمان ھېزىم

دېھقان شائىر سۇلايمان ھېزىم 1935 - يىلى كۇچار ناھىيىسىنىڭ قوشئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆمرىدە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. يېقىندا شائىرنىڭ «كۆزلىرىمىز چىرايلىق» ناملىق ناخشا تېكىستى ئاپتونوم رايونى بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 50 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. شائىرنىڭ ئېلان قىلىنمىغان 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى بولۇپ، بىر قىسمىنى ئېلان قىلدۇق.

### ھەر كىم

يېتەر نىگارى ۋەسلىگە جاپادىن قاچمىسا ھەركىم،
ئەگەر كەلسە بېشىغا تىغ ئۆلۈمدىن قورقمىسا ھەركىم،
يېتىشكە غايىگە قەتئىي بېلىنى باغلىسا ھەركىم،
كىرىپ كۆكرەككە بى يولۋاس ئىزىدىن يانمىسا ھەركىم،
مۇھەببەتكە بولۇپ سادىق سۆزىدىن تانمىسا ھەركىم.

يېتەلمەس يارى ۋەسلىگە يىگىت كۆڭلى ئالا بولسا،
بولۇپ ساختا مۇھەببەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى قارا بولسا،
بولۇپ مەس بىر سىنى كۆرسە يەنە بىردىن تانار بولسا،
مۇھەببەتنى ئويۇن چاغلاپ كى يۈزسىز بىۋاپا بولسا،
تاپالماس ئاخىرى بىر يار سۆزىدە تۇرمىسا ھەركىم.

ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنى قىلىشتا كەسكىلى بولماس،
تۆكۈلسە ئۇ تۆكۈنچەك بوپ پەقەتلا يەشكىلى بولماس،
مانا شۇنداق مۇھەببەتنى ئاسانمۇ تاپقىلى بولماس،
ياساپ ئاسمان پەلەك توسقۇن ئۇنى ھېچ توسقىلى بولماس،
تاپالماس پاك مۇھەببەتنى جېنىدىن كەچمىسە ھەركىم.

جاھاندا ئەڭ قىيىن ئىشتۇر جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك،
ئەگەر باش كەتسىمۇ يانماي ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتمەك،
ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالسا ئۇنى ۋىجدان بىلەن كۈتمەك،
نىگارىغا بولۇپ سادىق بۇ يولدا جانىنى تىكمەك،
شۇ چاغ يەتكەي مۇرادىغا يولىدىن ئازمىسا ھەركىم.

1983- يىل 9- ئاي، قوشئاۋات.

## مەشرەپ

يېزامىدا قايتا باشلاندى جاراڭلىق خوش سادا مەشرەپ،
پەلەككە ياڭرىتىپ نەغمە ھەجەپ بىر خوش ناۋا مەشرەپ.
تۈمان باسقان شۇ يىللاردا يوقاپ كەتكەن ئىدىڭ ئىزسىز،
ئەيىپلەپ شۇم قارا تىللار سېنى دېبان «ۋابا» مەشرەپ.
ئۇسۇل، سازھەم مۇقام، بېيىتمۇ سېسىق دەپ ئەسكى نام ئالدى،
نادانلار چاقتى سازلارنى ساڭا يېزىپ گۇنا مەشرەپ.
ئىدىڭ مەشرەپ ئىبىسىل سەنئەت ئاتامىزدىن مىراس قالغان،
شۇڭا ئىبلىس قولىدىن تېز ئازاد قىلدۇق يەنە مەشرەپ.
كى باشلايمىز سېنى ئەمدى يېڭى پەدە، يېڭى يولغا،
قىلارسەن ئەل ئۈچۈن خىزمەت سەپەردە بىباھا مەشرەپ.
مۇقام تووۋلاپ دۇتار چالسا چۆشەر ئۇسۇلغا قىز-چوكان،
كېلەر قىزىپ چىمەن باغدا يىگىت - قىزلار ئارا مەشرەپ.
موماي، بوۋاي، يىگىت - قىزلار چىلىمغا چۆشە بېيىت ئېيتىپ،
خۇشاللىقتىن سورۇن ئەھلى سالار كۆككە سادا، مەشرەپ.
ئېتىزدا، تاغدا، خاماندا، جاپا چەككەن چىۋەر دېھقان،
ئېلىپ سەندىن ھوزۇر - لەززەت كۆلەر قەھ - قەھ تازا، مەشرەپ.
ۋەزىپەڭنى ئادا قىلغىن خەلق كۆڭلىنى شاد ئەيلەپ،
بولار مەڭگۈ شۇ چاغ خەلقىم ئەبەتكە چىن رىزا، مەشرەپ.

1982 - يىل 11 - ئاي، قوشئاۋات.

## خۇشامەت كويى

مەنسەپ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتقان خۇشامەتكوي،
نەپسى ئۈچۈن ۋىجدان ساتقان خۇشامەتكوي.
(كۆچۈك بولۇپ ئىشىك باققان خۇشامەتكوي)
پارا بېرىپ جاننى باققان خۇشامەتكوي.

ھەر كۈن كېلىپ يالاپ باشلىق تاپىنىنى،
كۆتۈرەر ئۇ، ئۇيالماستىن چاپىنىنى،
سۈڭلار ئاڭا ئولجا ئېلىپ تاپقىنىنى،
شۇ ئۇسۇلدا كۈنىنى ئالغان خۇشامەتكوي.

تازىلايدۇ باشلىقىنىڭ ھويلىسىنى،
يۇيار كۈندە قازان، چۆمۈچ چويلىسىنى
كىرىن يۇيۇپ تۆكەر ئىپلاس يۇندىسىنى،
نەپسى ئۈچۈن نومۇس ساتقان خۇشامەتكوي.

كېلىپ ھەر كۈن يارار ئۇنىڭ ئوتۇنىنى،
«خېنىم» دەيدۇ ئۇنىڭ ئاۋاق خوتۇنىنى.
كۆيۈپ - پىشىپ ياقار توقاچ ھەم نېنىنى،
مەنسەپنى دەپ خۇدىنى قاتقان خۇشامەتكوي.

چوتكىلايدۇ ئۇنىڭ كېيىم، ئايىغىنى،
توشۇر تىننىماي تاماكا ھەم ھارىقىنى.
كىزى كەلسە ئۇشلاپ ئالارما يىغىنى،
نەپسى ئۈچۈن يولدىن ئازغان خۇشامەتكوي.

يۈرەر كۈندە باشلىغىغا پېتەك بولۇپ،
خاتاسىنى يېپىش ئۈچۈن ئىتەك بولۇپ.
خالادىمۇ تۇرار چالما كېسەك بولۇپ،
يامان ئىشقا چاپان. ياپقان خۇشامەتكۈي.

شىلىپ ئالار جامائەتنىڭ مال- مۈلكىنى،
سوۋغا قىلۇر خۇشامەتچۈن ئەل - مۈلكىنى.
چىش ھېجايتىپ دورايدۇ ئۇ قۇۋ تۈلكىنى،
چىرىك يولغا قەدەم باسقان خۇشامەتكۈي.

خۇشامەتتىن بىرەر پايدا ئالالمىسا،
يا مەنسەپكە چىقىپ باشلىق بولالمىسا.
خۇشامەت قىپ مىرادىغا يېتەلمىسە،
ھەسرەت چېكىپ يېتىۋالغان خۇشامەتكۈي.

خۇشامەتچى نىجاسەتكە پاتار بىر كۈن،
ئاقماي ئىشى رەسۋا بولۇپ ياتار بىر كۈن.
تارىخ ئۇنى جازاغىمۇ تارتار بىر كۈن،
ئاخىر لەنەت تېشى ياققان خۇشامەتكۈي.

ئەي دوستلۇرۇم قىلاي سىزگە بىر نەسىھەت،
قۇلاق سېلىڭ بولاي سىزگە با مەسلىھەت.
خۇشامەتچى تاماخوردىن ئېلىڭ ئىبرەت،
باش كەتسىمۇ بولماڭ ھەرگىز خۇشامەتكۈي.

1983 - يىل 4. ئاي.

## بولمىغاي

كىمكى قىلسا ئەلگە تۆھمەت ئۇنىڭ ۋىجدانى بولمىغاي،
باش سىلارغا بىنا مۇسىنىڭ رەھنىماسى بولمىغاي.
يۈرمىگىن نەپسىڭنى دەپ خۇشامەتنىڭ كويىدا،
تەخسىكەشنىڭ قايدا بارسا ئېتىبارى بولمىغاي.
يالغان ئېيتما كەتسىمۇ باش دائىم ھەقنى سۆزلىگىن،
يالغانچىنىڭ رىسقى كەمدۇر روزى غارى بولمىغاي.
گەر ئۆزەڭ بولسا ئىمۇشاھ ھەرگىز تەپەككۇر بولمىغىن،
«مەن» دېگەننىڭ ئاخىرىدا ئابرويى بولمىغاي.
ئالدىما ئۆزگىنى ھەرگىز بېرىلىپ نەپسىڭ ئۈچۈن،
ساختىپەزنىڭ ياندىشىقا ياندا ئىگارى بولمىغاي.
كەلسە قولدىن ھەممە جايدا ئەلگە قىلغىن ياخشىلىق،
ياخشى نام ئۆلمەس ئەبەت ئۇنىڭ ۋاباھى بولمىغاي.
ئەي ھېزىمى كەلدى پۇرسەت ئىشلەپ ۋەتەنگە تۆھپە قوش،
ئەل ئەچۈن ئىشلەش شەرەپ ئۇنىڭ زىيانى بولمىغاي.

1982 - يىل 10 - ئاي، قوشئاۋات.

# شېئىرلار

## روزى ھاپىز

### مۇختەمەلات

ئەي پەرى سۈرەت زىبا قاشى قارا،
ھەسبۇ-ھالىمغا قىيانە بىر قارا.
ناتىۋان كۆڭلۈمنى تەسكىن ئەيلىگىن،
بولمىسۇن دېسەڭ مېنى بەختى قارا.

× ×

زۇلپى تارىڭ بىرلە باغلاندى دىلىم،
ئېيتىدۇ شەنىڭگە ئەشئار بۇ تىلىم.
تەرىپىڭنى سۆزلىسەم ئازلىق قىلۇر،
مەن ئەگەر قىلسام تىلىمنى مىڭ تىلىم.

× ×

تېز كېتىپ قالدىڭ قىيارىڭ سالمىدىڭ،
يا ئۇلۇغ دەريادا ئۈزگەنسالمىدىڭ؟
كۆيدۈرۈپ يىگانە تاشلاپ كەتكىچە،
نى ئۈچۈن قەلبىمگە ئاز ئوت سالمىدىڭ؟

× ×

تەڭلىمە ماڭا ئەجەل ئوقيارىڭنى،
چانىمە سالما جاراھەت يارىڭنى.
دېمىسۇن ئەل بى رەھىم قاتتىق كۆڭۈل،
ئاشىقىڭنىڭ سەن كەبى گۈل يارىڭنى.

× ×

ئىلىپىتىڭ سېنى يىلاندەك چاقمىسۇن،
ھەم شىكايەت قىپ بىرىگە چاقمىسۇن.
قىلمىشىدىن ھەر قاچان ھۇشيارى بول،
ئاش بېرىپ باققان قازاننى چاقمىسۇن.

× ×

ئەرزۇ-ھال ئالدىدا ئېيتسام ئاقمىدى،
دەردىمە بىر تامچە ياشىڭ ئاقمىدى.
مەقسىتىڭنى سىرى پىنھان ئەيلىدىڭ،
ئەسلى قەلبىڭ قارىمىدى-ئاقمىدى؟

× ×

مەن سېنى تاپماققا چىڭ بەل باغلىدىم،
يول يىراق ئاتىمنى ئوتقا باغلىدىم.
ۋەسلىگە جانىم مۇيەسسەر ئەيلىگەچ،
مەن ساڭا ھۆرمەت بىلەن قول باغلىدىم.

× ×

زونىنارىمە ساچلىرىڭدىن باغ ئېتەي،
يوللىرىڭغا گۈل تېرىپ گۈلباغ ئېتەي.
لەبلىرىڭدىن مەي ئىچىپ مەن قانمىسام،
باغرىڭگە باغرىم يېقىپ باغ-باغ ئېتەي.

## ھۆۋەيداغا تەقلىد

مەرىپەت مەنزىلى چەكسىز گۈزەل بىر گۈل-گۈلۈستاندۇر،
سەنۇبەر سەرخىلى بۇندا ئەجەب كۆركەم باراقساندۇر.
ئۇ شۇنداق بىباھا جايكى تەسەۋۋۇر ئەيلىمەك مۇشكۈل،
تۇمەن تۈرلى مەئىشەتلەر بۇ مەنزىل ئىچرە ئەلۋاندۇر.
نىھالى بەرگىدە شەربەت يېتىلگەن نازۇ-نېمەتلەر،
تامامى كەۋسىرى لەززەت ھوزۇرى ئابى ھايۋاندۇر.
بۇ مەنزىل ئەسلىدە شۇنداق پاراغەت گۈلشىنى بىلسەڭ،
پۈرەكلەپ خۇشپۇراق چاچقان چىمەن گۈل لالە-رەيھاندۇر.
زىبالەر قامىتى بۇندا پوزۇندۇر ھۆر-پەرىزاتتىن،
گۈزەل رۇخسارىنى كۆرسە ئاڭا ھۆرلەر مۇ ھەيراندۇر.

ۋىسالى ئىشقىدا پەرياد چېكىپ كۆكتە مالالىكلەر،
كۆزدىن ياش تۆكەر بولسا جىمى ئالەمگە لەرزاندۇر.
بۇ مەنزىلنىڭ قارارگاھى قۇرۇلغان لەئلى زۇمرەتتىن،
يەنە مىگلاب جاۋاھىرلار بۇ مەنزىل ئىچرە پىنھاندۇر.
تەپەككۇر كۆكىدە شۇڭغۇپ تەسەۋۋۇر ئەيلىسە ھەر كىم،
ئۇنىڭ ئالدىدا بىر جەننەت ۋىسالى نەق ناماياندۇر.
مۇيەسسەر ئەيلىسە بەختىنىڭ ھاياتنىڭ جامىنى ئىچكىن،
پۇراقى مۇشكىغا سەرۋەر زىلالى بەھرى ئىرپاندۇر.
قەدەم تەشرىپ قىلىڭ ئىرپان شارابىن ئىزلىگەن مېھمان،
سۇنۇپ ئىلكىدە شەربەتنى مۇلازىملار ساھىپخاندۇر.

## چىۋىننىڭ دەردى

ھەسسەي تارتتىم ئەجەپمۇ سەن چىۋىننىڭ دەردىنى،
بۇ ئەلەمدىن مىقلىدىم رامغا ئىشىككە پەردىنى،
كۆرمىگەن ئالەمدە سەندەك ئەسكى مەينەت نەرسىنى،
داستىخانىم ئۈستىدە قۇردۇڭ ھەمىشە بەزمىنى،
ياغدۇرۇپ باشىمغا ھەر دائىم تۇمەنىڭ غەلۋىنى.

سەن كېلىپ ئاتلاشمىغان قازان-چۆمۈچمۇ قالمىدى،
چاڭ سېلىپ چاپلاشمىغان قاچا-قومۇچمۇ قالمىدى،
يەپ سېنىڭدىن ئاشمىغان باغدا يىمىشمۇ قالمىدى،
تېخى مىكروب چاچمىغان ئاسقىدا گۆشمۇ قالمىدى،
تارقىتىپ ئەلگە كېسەل سالدىڭ جېنىمغا جەبرىنى.

ئاش-غىزايىم ئۈستىدە توقلاپ قورساق مايلاپ بۇرۇت،
يەپ تۈگەتمەكچى بولۇپ رىزقىمنى كۈندە سەن جوھۇت،
ھېچ ئاراملىق يوق سېنىڭدىن ھەر دەقىقە ھەر مىنۇت،
ئىشلىگەن ۋاقتىمدا يوق كەلدىڭ بولۇپ تەييارغا مۇت،
مەن جاپا چەككەندە سەن نەلەردە يۈرگەنتىڭ قېنى؟

پۈتلىرىڭدا مىڭ تۈمەن مىكروب بىلەن باسقاندا ئىز،
ھەر پالاكەتلەر سېنىڭدىن كەلدى دائىم ئېيتقۇسىز،
دۇم چۈشۈپ موللاق ئېتىپ قىلدىڭ ئېشىمنى ئىچكۈسىز،
سەن تېرىكتاپ دەستىدىن شۇنچە قىيىلمىدى رىزقىمىز،
قىلمىشىڭ شۇنداق ئېغىر قوزغايدۇ ئىنسان قەھرىنى.

قوپ كۆتەرگىن قاسقىنىڭنى بىزگە خاس بۇ ئۆي-ماكان،
تارت قولۇڭنى بۇ ئەمەستۇر ساڭا سالغان داستىخان،
بىزگە مەنسۇپ نازۇ-نېمەت، شىرنە-شەربەت ئاش ۋە نان،
تاپ ھۇشۇڭنى كاللىسىدىن ئەقلى ئۇچۇپ ئالجىغان،
كۆرمىسۇن ھېچكىم سېنىڭدەك پەيلى بۇزۇق تەلۋىنى.

# شېئىرلار

## تۇرسۇن تۇردى

### ئۈمىد

گۈل ھىدىنى ئېلىپ كېلىمەن،
ئۈپۈق بىلەن بەسلىشىپ سەھەر.
ۋۇجۇدۇمنى قۇچقان شۇ ۋىسال،
بۇلبۇلۇمغا بولدى ئالتۇن پەر.

سادىقىتىم دەريادىن زۇلۇم-
كۆرۈپ ئۆلدى يۇلغۇن تۇۋىدە.
ئاھلىرىمدىن ئۈركىگەن قۇياش،
بۇقۇلدايدۇ تارىم كۈيىدە.

نىگاھىمغا چېچىلغان كۈللەر،
كىرپىكىمگە ئۇرۇلار دائىم.
ياشلىق كۈنۈم شۇنچىلىك ئەزگۈ،
شاتلىقلاردىن يېمەيدۇ ۋايىم.

بەس، كۈلپەتلەر،
ھەممە تىلىرىڭنى،
ئىسپار قىلىپ چاچمىغىن ماڭا.
غۇرۇر تۇغى قەلب كۆكۈمدە،
جەۋلان قىلىپ پارلايدۇ يەنە.

ئاستىمىدۇر نىشان دۇلدۇلى،
كۈلپەتلەردىن پۈتكەن يوللۇرۇم.
سۆيگۈم دىلغا بولۇپ ھۆكۈمران،
يالقۇنجايدۇ بەھىر- چوغلۇرۇم.

× ×

گۈل ھىدىنى ئېلىپ كېلىمەن،
تا مەشرىقتىن مەغرىبكە قەدەر.
چاقنىماقتا نۇرغا بۆلۈنۈپ،
يوللىرىمدا بىر بۈيۈك سەھەر.

### مېھرىڭ

كىرپىكلىرىڭ ئانار يۈزۈڭگە،
سايە تاشلاپ،
يارىتتى باھار.
باھار دەيتىم يېشىل چىمەننى،
سەن ياراتتىڭ قىزىل چىمەنزار.

زىننا قىلىرىڭ ئالەمچە سۆيگۈ،
ئوتقاش بولۇپ چاقنايدۇ چېھرىڭ.
ئەكسى بىلەن نۇرلۇنۇپ يۈزۈم،
ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتتى مېھرىڭ.

كىم بىلىدۇ تاڭلا باھاردا،
قىزىل گۈلگە قالامدۇ ئورۇن.
بۇلبۇل بولۇپ كۈيلەرمەن سېنى،
سەن بىخ سۈرۈپ كۈلۈشتىن بۇرۇن.

### ئىلتىجا

بەخت تىلەپ كەلدىم ئۇلۇغ دۇنياغا
ئىدرەكلەرنىڭ ھامىسى بوپ ئۇزاقتىن.
سۆيگۈ بىلىپ باھار بەرگەن شامالنى،
ساقلىماق بوپ زاغلار قۇرغان توزاقتىن.

يۇلتۇز كۈلدى، كۆزلىرىمدىن كۆرۈڭلار،
مەرىپەتنى قۇبىلا بىلدى يۈرۈكۈم.
قۇياش بولدى شەپەق سۆيگەن تىلىكىم،
نۇر ئىشقىدا ئۆتەر ئالتۇن كۈنلۈرۈم.

كۆرپە قىلدۇق بىر چاغ تەكلىماكاننى،
سىرلىق توغراق سايىسىدا چۈش كۆرۈپ.
قەبرىسىنى ئاتتۇق كۆككە ئەجدادىنىڭ،
ئەسلىمىلەر بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ.

ئەمدى بىلدىم غەپلەت سۈيى ئىچىپتۇق،
بۇۋىلەرنىڭ تىلىكىنى بىلەلمەي.
ساۋاق بولسۇن ئۇلار كۆرگەن قىسمەتلەر،
يوقالمايلى، كەلگۈسىدە كۈلەلمەي.

يۇرتۇم گۈزەل ئەجدادىمنىڭ چېچەكى،
ياستۇق قىلىپ ياتمايلى بىز مەڭگۈگە.
تەر تۆككەننى پۇتلىمايلى
تەر بىلەن،
پۈركىنىدۇ قاقاس چۆلمۇ گۈلشەنگە.

پىتنە - پاسات قىلىشمايلى ئۆز ئارا،
قېرىنداشىمىز كۈل چاچمايلى يۈرەككە.
بىرلىكلەرنىڭ سۆيگۈسىدىن يېتەيلى،
خەلقىم قىلغان ئۇلۇغ ئارمان - تىلەككە.

بىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇشبۇ پاك تۇپراق،
غورۇرىمىز قەترىسىدىن چاقنىسۇن.
غورۇرلارنى ئىشلەتمەيلى ئۆز ئارا،
قەلبىمىزدە سۆيگۈ نۇرى ياشنىسۇن.

## ھەسرەت

يىپچىرلايدۇ يۇلتۇزلار ئاينىڭ،
چېھرىدىكى داغلارغا قاراپ.
بىر يوشۇرۇن سىرنى تاپقاندەك،
كۆز قىسىشىپ، لەۋلەرنى يالاپ.

ئاينىڭ يۈزى قىزارماس مەڭگۈ،
ئاھ، ئۆرمايدۇ يۇلتۇز ئالدىدا.
كۆرۈنىدۇ دەرتسىز ۋە لېكىن،
بۇقۇلدايدۇ پىنھان دالدىدا.

ئۇ، ئۆتمۈشنىڭ خۇنۇك شاھىدى،
ئاڭا سوغۇق سۆيگۈ سەۋەبكار.
قايسى پىلانت، ئازدۇردى ئۇنى،
ياكى قايسى شەيتان جاۋابكار؟!

ئەستىن چىقماس قارا باسقاندەك،
زۇلمەتلىك تۈن، دەھشەتلىك مىنۇت
ياتقىقىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ-
خاراپ بولغان پاك، مەسۇم ۋۇجۇد.

تەكسىزدۇر ئاڭا كائىنات،
ئەمما ھايات شېرىن ۋە تاتلىق.
سانسىز يۇلتۇز تۇغدى تويلۇشۇپ،
يالغۇز قالدى بولماي ئاي ياتلىق.

## سۆيگۈ

قاپىقىمنى تۈرۈپ قويسام كۈلۈسەن،
كۈلۈپ قويسام، تۈرۈلىدۇ قاپىقىڭ.
سۆيگۈ تاتلىق، تاتلىق سەۋەبى قىلىقىڭ،
خۇشال ئۆتەر كۈنلەر شۇنداق ئاپپىقىم.

## كوتوش

سىم-سىم يامغۇر، يۇيار يېشىل ياپراقلارنى تىنىمسىز،
شىلدىر - شىلدىر، بۇلاق سۈيى مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدە.
چاچلىرىمنى يۇيار يېنىك، سالقىن يامغۇر سۇلىرى،
چىن سۆيگۈلۈك ناۋا كېلەر ئاققان سۇنىڭ كۈيىدە.

يالقۇنجايدۇ يۈرۈكۈمدە ئېنتىلىشنىڭ ئوتلىرى،
تىكىلىدۇ جۇپ كۆزلۈرۈم يامغۇر چەككەن كۆزنەككە.
خىيالىمدا يارىم «ماموق» كۆرپىسىدە ئۇيقۇلۇق،
تەلمۈرىدۇ مېنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىمگە سۆيمەككە.

ياكى سۈزۈك بۇلاق بويى ـ سەيلىگاھتا خىيالچان،
تەپەككۇردىن چۆمۈلىدۇ، لىرىك شېرىن ـ تۇيغۇغا.
ۋە ياكى ئۇ ئىشتىياقتا ئىشلەيدۇ شوخ كەشتىلەر،
ساداقەتنى ئىگە قىلىپ، ئەبەدىلىك ئۇرغۇغا.

خىياللىمدا تىكىلىدۇ خۇما كۆزى كىتابقا،
قۇرلار ئارا، تەپەككۇرى ئاي ـ مارسقا چاپىدۇ.
ئاشۇ خۇشھىد، نازۇك جىسمى پۇركۈنىدۇ شەپەققە،
كۆككە ئۇچۇپ، يۇلتۇزلارغا، يېڭى يۇلتۇز قاتىدۇ.

× × ×

بۇلاق بويى سىم ـ سىم ياغمۇر، يېشىل ياپراق يۇيۇلار،
ۋۇجۇدۇمغا ئەبەدىلىك بەخت كۈيى قۇيۇلدى.
ئۇچۇپ كېلىپ، كۆكتىن گۈزەل، يارقىن بەخت يۇلتۇزۇم،
پاژىلدىتىپ لەۋلىرىمنى سۆيگۈنىدەك تۇيۇلدى.

## ئىككى شېئىر

### خانئايىم ياقۇپ

**ئۇستاز مۇھەببىتى**

قۇت بەرگەن پاك قەلبىمگە ئانا سۈتى،
تىلىممۇ ئانا دەپ چىققان تۇنجى.
ئۆتكەندە يىلشامىلى مەڭزىم سۈيۈپ،
قەلبىمگە نەقىش بولدى ئانا سۆزى.
شۇ سۆزدىن پۈتكەن ھايات، توشقان ھەر قۇر،
چاچقان گۈل، ئانا مېھرى قەلبىمگە نۇر.

ئۇستازىم ئانا يەڭلىغ دىل كۆكۈمدە،
پارلىدى قۇياش بولۇپ، شۇنچە پارلاق.
ئۇ بەرگەن ئەقىل زىيا، سىڭدى دىلغا،
زېھنىممۇ بولدى يارقىن تاڭدەك چاقناق.
ئۇستازغا ئاقار دىلدا سۆيگۈ چوڭقۇر،
ئۇ بەرگەچ پەن ـ مەرىپەت دىلىمگە نۇر.

ئۇستازىم تەبىئەتمۇ مەھكۇم ساڭا،
تۈگۈنلەر سېنىڭ بىلەن يېشىلىدۇ.
روھىڭدىن بالقىپ چىققان ئەقىل بەھرى ـ
بىلەن زور بېتون تاغلار تېشىلىدۇ.
سېنىڭ ھەر سۆزۈڭ بەخت، سۆيگۈ ھوزۇر،
بېرىسەن بۇ ئالەمگە ئۆكسىمەس نۇر.

قەلبىمگە تولغان دۇنيا، دەريا، دېڭىز،
سەن بەرگەن ئەقىل ـ ئىدرەك، بەھرى بىلەن.
جىسمىمغا تولدى سۆيگۈ، تولدى ۋىجدان،
ئاقىدۇ دەريا سۆيگۈ، ساڭا تېرەن.
تەبىئەت ئۆتتى ماڭا، باستىم مۆھۈر،
سەن بەرگەچ ئۇلۇغ ئەقىل، ئۇلۇغ غورۇر.

## بىغىم گۈل سۆيگۈسى

مەن ئامراقمەن گۈلگە ئەزەلدىن،
گۈلگە قارىسام سۆيۈنەر جېنىم.
گۈل ئېچىلسا ھاياجان ئىچىدە،
ئۆركەشلەيدۇ تومۇردا قېنىم.

ئەجدادىمىز ئۇشبۇ تۇپراقتا،
گۈل پەرۋىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن.
سەر خىل گۈللەر ئىشقىدا كۆيۈپ،
تامچە-تامچە تەرلىرىنى تۆككەن.

قەدىم ئىزى گۈلنىڭ يىلتىزى،
بولۇپ رەڭدار گۈللەر ئېچىلغان.
ئاشۇ ئۇدۇم گۈلنىڭ سۆيگۈسى،
ئەل قەلبىگە نۇر بوپ چېچىلغان.

ئەجدادلىرىم گۈل باغ سەۋەبلىك،
ئۆتكەن ئەلدە پەخرى ئورۇنغا.
گۈل پەسلىدە گۈل ھىدى بىلەن،
سۆيگۈ ئاتا بولار جېنىمغا.

شۇ سەۋەبتىن گۈل خۇمارمەن،
روھىم ھامان گۈل بىلەن سىرداش.
گۈللەر ئارا مەنمۇ گۈل بولۇپ،
ياشاپ ئۆتتۈم بولۇپ چىن دىلداش.

ھەر سەھەردە بۇلبۇلدىن بۇرۇن،
گۈللۈرۈمنى پۇرايمەن قانماي.
مىڭ قىز ئىشقى سۆيگۈسى بىلەن،
بېغىشلايمەن سۆيۈمەن ھارماي.

ئۈمىدىم ئۆتەر گۈللەرنى سۆيۈپ،
قەبرەمدىمۇ گۈللەر ئېكەرمەن.
ئەگەر جەننەت بار بولسا ئەگەر،
جەننەتتىمۇ گۈلنى سۆيەرمەن.

## ئىككى شېئىر

### قاسىمجان يۇنۇس

#### رەڭسىز سۈرەتلىرىم

مەن ئاددىي بىر پۇقرا،
ھۆرمىتىم بار باشلىقتا.
كۆرگىنىمدىن ئاچچىقراق،
كەپ-سۆزۈم بار باشلىقتا.

باشلىق بولسا ھەممىنىڭ،
ئوخشاش ئەمەس خىسلىتى.
بەزىلىرى بەك ياخشى،
بەزىسىدە بار ئىللىتى.

خەلق ياخشى كۆرىدۇ،
ئەدەپ كەتسە سەت ئىللەت.
ئىللەت بىلەن يۈرگەندە،
ياخشى كۆرمەس ھەر مىللەت.

قوياي تىزىپ پاكىتنى،
ئىللەت دېگەن بار ئىشتىن.
ھار ئالسۇنكى شۇ باشلىق،
يامان ئىشتىن خار ئىشتىن.

بەزى باشلىق كىمدىيىپ،
كۆزگە ئىلماس تۆۋەننى.
يانغا تاتار دوس تۇتۇپ،
خوشامەتچى كەلگەننى.

چەتكە قاقار پەم بىلەن،
ئىختىساسلىق كەلگەننى.
گاھى ماختاپ داڭلايدۇ،
پارا بېرىپ يۈرگەننى.

گىرەلەشكەن بەزىسى،
ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك.
ئىسسىقلار «ئولجىنى»
ئېچىرقىغان بۆرىدەك.

كۆزگە ئىلماي قانۇنى،
يات سەنەمگە دەسسەيدۇ.
پىرىنسىپتا تۇرغانى،
پۇتلىماقنى قەسلەيدۇ.

ئىش بېجىرسە ئاممىغا،
ئۆز كېلىغا نەپ كۆتەر.
ئارقا ئىشىك، تۆگىنى،
سويماستىنلا يەپ كېتەر.

خەلق غېمى يېشىدا،
تېرماقچىلىق يوق ئۇنىڭ.
ئەلنىڭ ئىشى نە ھالدا،
ئۆز قورسىقى توق ئۇنىڭ.

دەيدۇ: تېخى ئۆزىچە،
ئىگە بولدۇم ھوقۇققا.
مەنسۇبىمنىڭ بىرىدا،
تويۇۋالاي قۇيرۇققا.

بىلىم دېسە قورساقتا،
يوقتۇر «ئىلىپ» سۇنۇقى.
پۇلسىز كىرەر ئۆيىگە،
تۇرلى ماللار-بۇيرۇقى.

ئامما ئاڭا ئات قويۇپ،
«نەپسى تويماس» دەپ كېتەر.
قايسى كۈنى ئەزرائىل،
ئۆز گورىغا ئەپ كېتەر.

ھەقىقەتتىن، باشلىقتىن،
يوقتۇر ھەرگىز قورقۇنچۇم.
يامانلىقنى پاش قىلىش،
زۆرۈر مېنىڭ بۇرچۇم.

## ۋىسال ئارزۇسى

مۇھەببەتتىن سۆيگۈ ئىزدەپ يازسام لىرىكا،
كۆرۈپ بوۋام قالدى دەرھال بېشىمنى چايقاپ.
ئويلاندىم ھېلىرىمنى ئۇ قىلدىمۇ بىكار،
بىلمىدىم، بوۋام نېمىنى قالغاندۇ بايقاپ.

سورىيالمىدىم مەن ئۇنى بوۋامدىن قايتا،
مۇھەببەت ئىلىك قەلبىمدىن يا تاپتىمۇ قۇسۇر.
شېئىرىم پىشقان، قەلبىم ئاندىن كەپ يوقتى
بۇندا،
بەرگىنە «سۆيگۈ ئىلاھى» بەختىمدىن ئۇچۇر.

مۇھەببەت دەپ يۈرگۈنۈم يوق بىھۇدە ئويلاپ،
سۆيگۈ بىلەن تاپار ئىدىم بەختىمگە ۋىسال.
مېنىڭ ئەركىم ئىنھالەتتە بىلەمسەن بۇنى،
ئاھ! بىراقەت قەلبىمگە سەن قىلمىغىن ئۇۋال.

(بېشى 23 – بەتتە)

تاۋۇتى تۇپراق بېشىغا – تاغ قاپتىلىرىكى باراخسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان كەنت قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ مېڭىلدى.

ئابباسوف، قاسىمجان قەمبەرى، سوپاخۇن... قاتارلىق رەھبەرلەر زورىخان ئانىسىنىڭ تاۋۇتىنى، سادىروف باشلىق تۇنجى تونۇشقان جەڭچىلەر تاھىرىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

تاغ ئۈستىدە پەيدا بولغان ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى، تۇز ئاۋات جىلغىسىغا، يېپەكتەك بۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تۇز ئاۋات دەرياسىغا، پايانسىز سوزۇلغان تاغلار ئۈستىگە، تاھىر دائىم مال باقىدىغان ھېلىقى جىغانزارلىق ئوتلاققا، مېيىت ئۆزۇتۇپ كېتىۋاتقان جامائەتكە، ئالتۇن دىيارنىڭ گۈزەل باغرىدا، خۇددى بىر جۈپ ئاق ئەتىر گۈلدەك لەرزان چايقىلىپ كېلىۋاتقان جىنازىلارغا چۈشتى، جىنازىلار قۇياش نۇرى بىلەن ئورۇلۇپ، شان – شەۋكەت بىلەن، ئېزىز ۋەتەنىنىڭ ئىسپار تۇپرىقىدا قەھرىمانلارنى ئورۇن ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزاپ كەتتى ...



# ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار

( كىنوسنارىيىسى )

ئۆمەر قادىر

**57. چايخانا، كۈندۈز.**

تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا سېلىنغان بۇ ئاددىي چايخانىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.
چايخانا ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار، ۋېلىسىپىتلار ۋە ئادەملەر ئېقىمى.

**58. چايخانا ئىچى.**

چايخانا ئىچىگە ئىككى دانە جوزا قويۇلغان.
بىر جۈپ ئەر - ئايال چاي ئىچمەكتە.
ئاينۇر داسقا چىلانغان چىنە - قاچىلارنى يۇماقتا.
قىرىق بەش ياشلاردىكى چايچى ئايال چاي سېتىپ چۈشكەن پۇللىرىنى سانىماقتا.

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئاينۇر چىنىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن جوزا ئۈستىگە قويىدۇ. ئاندىن قوللىرىنى ئەيتىدۇ. ئۇ، چايخانىنىڭ كوچا تەرەپكە ئېچىلغان ئىشىكى ئالدىغا كېلىدۇ. ئىشىك ئوچۇق بولۇپ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئاينۇر كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يىگىت-قىزلارغا قارايدۇ. شۇ ئەسنادا ئاشخانا ئالدىدىكى يولدا زەينەپ بىلەن گۈزەل پەيدا بولىدۇ. ئاينۇر ھو-دۇققىنىدىن ئىشىكنى ياپماقچى بولىدۇ. لېكىن زەينەپ ئاينۇرنى كۆرۈپ قالىدۇ.

— ئاينۇر!

ئاينۇر ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى تۇتقان ھالدا گويا گۇناھكار ئادەمدەك جىم تۇرىدۇ.

زەينەپ بىلەن گۈزەل ئاشخانىغا كىرىدۇ.

زەينەپ: بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئاينۇر زەينەپنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايدۇ.

زەينەپ: گەپ قىلغىن، ئاينۇر!

ئاينۇر: ئىشلەۋاتىمەن...

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ.

گۈزەل مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويىدۇ. لېكىن ئاينۇرغا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايدۇ.

زەينەپ: دىم ئېلىش كۈنلىرى يوقاپ كېتىشىڭنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. جۈر، قايتىپ كېتەيلى، سەن بۇ جايدا ئىشلەپ ھېچقانچە پۇل تاپالمايسەن؟!

گۈزەل: پۇل دېگەن ياخشى نەرسە... ئىشلىگىلى قويغىن!

زەينەپ گۈزەلگە غەزەبلىك تىكىلىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟

گۈزەل: ئۇنىڭ پۇل تېپىشىغا ئىلھام بېرىۋاتىمەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ چايخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاينۇر پۇل ساناپ ئولتۇرغان ھېلىقى چايچى ئايالغا قاراپ قويىدۇ.

زەينەپ: گۈزەلدىن رەنجىمە، ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق، بولدى، چايچى ئايال بىلەن ھېسابلاشقىن، مۇندىن كېيىن ھەرگىز بۇ جايغا كەلگۈچى بولما، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئاينۇر...

ئاينۇر زەينەپكە سۈكۈت ئىچىدە قارايدۇ.

زەينەپنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى.

**59. دىلشاتنىڭ ياتىقى، كۈندۈز.**

ئەركىن بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىلەن شاھمات ئوينىماقتا.

دىلشات بېشىنى قامالاپ تۇتقان ھالدا كارىۋاتتا ياتماقتا.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ پات-پات ئېغىر ھاسىراپ قويىدۇ.

ئەركىن دىلشاتقا قارايدۇ:

— نېمە بولدى، دىلشات؟

دىلشات ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ:

— مەن بۇنى دېيەلمەيمەن، دەرد، ئاداش،— دەيدۇ.

ئەركىن ئەنسىرىگەن ھالدا دىلشاتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

ئەركىن: بىرەر ئىش بولدىما؟

دىلشات ئەركىننىڭ كۆزىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— سەلىمە مېنى تاشلىۋەتتى!— دەيدۇ ئېغىر ئازابقا گىرىپتار بولغان ئادەمدەك باشلىرىنى سىلكىپ،— ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەقىدەم بارتى. ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. تونۇگۇن سىنىپتا قىلغان چاقچىقىم ئۈچۈن سارىڭ ئاتالدىم، مەن راستىنلا سارىڭمۇ؟ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا مېنى ئازابلاپ ئۇ نېمە پايدا ئالالايدۇ. يا مەن شاللاقلىق قىلمىسام، مېنى نېمىشقا تاشلىۋېتىدۇ... ئېيتىپ باقە ئەركىن، مەن ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلالايمەن... قانداقمۇ ئايرىلالايمەن.

ئۇ يىغلامسىراشقا باشلايدۇ.

ئەركىن: كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۇ ساڭا چاقچاق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

— مۇھەببەتكىمۇ چاقچاق قىلغىلى بولامدۇ؟— دەيدۇ دىلشات،— ئەگەر سەلىمە راستىنلا مېنى تاشلىۋەتكەن بولسا مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن. بۇ مېنىڭ راستگېپىم، ئەركىن.

ئەركىن: مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەڭ سەلىمە سېنىڭدىن قاچمامدۇ، مۇھەببەتنى ھەيۋە بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئاداش. ئۆزەڭنى تۇتۇۋالغىن!

**60. ئاينۇرنىڭ ياتىقى، كوندۇز.**

ياتاقتا گۈزەل گىتار چالغان ھالدا ئولتۇرماقتا.

يەنە ئىككى نەپەر قىز رەسىم كۆرۈپ ئولتۇرماقتا.

سىرتتىن كىچىك ماشىنىنىڭ سىگنال بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

گۈزەل گىتارنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ بىنا ئالدىغا كېلىپ توختىغان كىچىك جىپ ماشىنىنى كۆرىدۇ.

**61. قىزلار بىناسىنىڭ ئالدى.**

ماشىنا ئىچىدىن بىر سېمىز ئەركىشى چۈشىدۇ. ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىق ئېلىپ، چېكىلىرىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ئەتراپقا قارايدۇ.

**62. ئاينۇرنىڭ ياتىقى.**

دېرىزە ئالدىدا تۇرغان گۈزەل ماشىنا يېنىدىكى كىشىنى كۆرىدۇ- دە، چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرەيدۇ.

— دادا!!!

پەستە تۇرغان كىشى بىنانىڭ دېرىزىلىرىگە قارايدۇ. لېكىن دېرىزىدە گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ.

ئاينۇرلارنىڭ ياتىقىدىكى قىزلارنىڭ بېشى دېرىزىدىن كۆرۈنىدۇ،

بىردەمدىن كېيىن بىنا ئىشىكىدىن گۈزەل يۈگۈرگەن هالدا چىقىپ كېلىدۇ.

— دادا!...

ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

— ياخشى تۇردىڭمۇ قىزىم؟— دەيدۇ گۈزەلنىڭ دادىسى.

گۈزەل: ياخشى... ياخشى... جۆرە، ياتاققا كىرەيمىز.

گۈزەل دادىسىغا ئەگەشكەن هالدا بىنا ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

63. باغ ئىچى.

باغ ئىچىدىكى دەرەخلەر ئاللىبۇرۇن غازاڭ تاشلاپ بولغان.

دىلشات خىيالغا چۆككەن هالدا ئالما تۈۋىگە ئورنىتىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇر-ماقتا. ئۇنىڭ چىرايىنى ئازابلىق كەيپىيات ئىگىلىگەن. ئۇ يانچۇقىدىن سەلىمىنىڭ تۆت سۆڭلۈك رەسىمىنى ئېلىپ رەسىمگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارايدۇ. رەسىمگە قارىغان-سېرى ئۇنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرەيدۇ. ئۇ ئۈمىدكە تولغانىدەك بولىدۇ.

64. ئاينۇرنىڭ ياتىقى، كۈندۈز.

ياتاق ئىچىدە تۆت نەپەر قىز ۋە گۈزەلنىڭ دادىسى ئولتۇرۇشقان.

جوزا ئۈستىگە بىر مۇنچە مېۋە - چېۋىلەر تىزىلغان.

گۈزەل ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

— چاي ئىچىڭ، دادا!؟

گۈزەلنىڭ دادىسى قىزلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان قىزغا قاراپ:

— سىز نەدىن؟— دەپ سورايدۇ.

قىز $A$: قەشقەردىن.

گۈزەلنىڭ دادىسى: ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

قىز $A$: دادام ۋىلايەتلىك سوت مەهكىمىسىدە ئىشلەيدۇ. ئاپام دوختۇر.

گۈزەلنىڭ دادىسى بايىقى قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىزدىن سورايدۇ:

— سىز نەدىن؟

قىز $B$: غۇلجىدىن.

گۈزەلنىڭ دادىسى: ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

قىز $B$: ئاپام بىلەن دادامنىڭ هەر ئىككىلىسىلا مۇئەللىم...

گۈزەلنىڭ دادىسى كۈلۈپ قويىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئىشىكتىن ئاينۇر كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا پىڭزا بولۇپ، كىرى-يۈپ كىرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن، ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمگە سالام قىلىپ قويۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ.

گۈزەلنىڭ دادىسى يەنە سوراشنى داۋاملاشتۇردۇ.

ئۇ ئاينۇر ئولتۇرغان كارىۋاتتىكى قىزدىن:

— سىز نەدىن؟— دەيدۇ.

قىز F: خوتەندىن.

گۈزەلنىڭ دادىسى: ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

قىز F: دادام مۇخبىر، ئاپام دوختۇر.

ئاينۇرنىڭ تۇساتتىن چىرايى ئۆگىردۇ. ئۇ تىرناقلىرىنى تاتىلىغان ھالدا لىۋىنى چىشلەپ جىم ئولتۇردۇ، ئاندىن ياتاقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا گۈزەلنىڭ دادىسى:

— سىز نەدىن؟— دەپ سورايدۇ.

ئاينۇرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىدۇ.

— سىز نەدىن قىزچاق؟— دەپ قايتا سورايدۇ ئۇ.

ئاينۇر: ئاقسۇدىن.

گۈزەلنىڭ دادىسى: ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئاينۇر گويا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك گۈزەلنىڭ دادىسىنىڭ كۆزىگە قارايدۇ.

گۈزەل ئاينۇرغا ئۆگىدۇ.

— سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟— دەپ قايتا سورايدۇ گۈزەلنىڭ دادىسى،— تارتىنماي دەۋېرىڭ، قىزىم بىلەن ساۋاقداش بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سوراۋاتىمەن.

ئاينۇرنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسى بارات قولىغا كويزا سېلىنغان قىياپەتتە گەۋدىلىنىدۇ.

باراتنىڭ كىرپىكلىرىدە پارقىراپ تۇرغان ياش تامچىسى.

ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئاينۇرغا قولىنى سوزغان ھالدا تەلمۈرمەكتە.

ئاينۇر لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ جىمجىت تۇرماقتا.

باراتنىڭ قولىغا سېلىنغان كويزا ئېكراندا گەۋدىلىنىدۇ.

باراتنىڭ پۇتىدا شاراقشىپ تۇرغان كىشەن ئېكراندا گەۋدىلىنىدۇ.

......

ئاينۇر قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ:

— ئاپام دېھقان، دادام تۈرمىدە!— دەيدۇ- دە، ياتاقتىن يۈگۈرگەن ھالدا چىقىپ كېتىدۇ.

قىزلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ - تاڭ قالىدۇ.

گۈزەلنىڭ دادىسى قاقاھلاپ كۈلىدۇ.

— ئاراڭلاردا مۇنداقمۇ قىزلار باركەن- دە!

گۈزەل دادىسىغا ئەكىلەيدۇ:

— دادا، كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بازار ئايلىنالىمچۇ؟!

— بولىدۇ، قىزىم.

**65. تەنتەربىيە مەيدانى، كۈندۈز.**

دائىرىسى چوڭ بولغان تەنتەربىيە مەيدانىدا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار پۇتبول تېپىپ ئويناماقتا.

دىلشات ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلار توپىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن قەلبىنى گادىرماچ خىياللارنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس، ئۇ توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقى پېتى بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

**66. نۇرلۇق يول.**

گۈزەللەر ئولتۇرغان جىپ ماشىنا نۇرلۇق يولدا ئىلگىرىلىمەكتە. ياقۇپ خىيالىدىن ئويغىنىپ ئوتى ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىنى سىرتقا تاشلىۋېتىدۇ. ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا.



**67. كۇتۇپخانا ئالدى، كۈندۈز.**

كۇتۇپخانا ئىشىكىگە قاراپ ماڭغان سەلىمە كۇتۇپخانىدىن كىتاب كۆتەرگەن ھالدا چىقىۋاتقان گۈلشەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. سەلىمە گۈلشەنگە گەپ قىلماقچى بولۇپ توختايدۇ. لېكىن گۈلشەن بويۇنلىرىنى تولغىغان ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇدۇل پونتان كۆلچىكى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

پونتان كۆلچىكىنىڭ ئەتراپىدا ئىلگىرى ئېچىلغان گۈللەر پۈتۈنلەي سولۇشۇپ كەتكەن. گۈل شاخلىرى قۇرۇپ يەرگە چاپلىشىپ قالغان. قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان سەلىمە كۇتۇپخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

**68. مەكتەپ كىلوبى، كېچە.**

زالنىڭ ئىچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولغان.

زال سەھنىسىنىڭ ئۈستىگە «9 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش ناخشا كېچىلىكى» دېگەن چوڭ خەتلىك پىلاكات چاپلانغان.

پەردە ئېچىلىپ ئېلانچى قىز مىكرافون ئالدىغا كېلىدۇ:

— نۆۋەتتىكى نومۇرىمىزدا ئاينۇر بارات «جېنىم دادا» دېگەن ناخشىنى ئورۇنلايدۇ.

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئاينۇر سەھنىگە چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ زال ئىچىگە تەكشى نەزەر سالغاندىن كېيىن ناخشا باشلايدۇ.

ناخشا:

جان دادا، جېنىم دادا،
مېھرىڭ گويا ئوكيان دادا!...

ئوتتۇرا رەتتە ئولتۇرغان گۈزەل ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاينۇرغا غەزەپلىك تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بوراندەك كۆچىيىۋاتقان ھەسەتخورلۇق كۆزلىرىدە نامايەن بولىدۇ.

سەن ئۈچۈن ئۆمۈر بويى،
مەن بولاي بوستان، دادا!...

گۈزەل ئورنىدا ئولتۇرالماي قالىدۇ. ئۇ يېنىدىكى قىزغا:

— چىقىپ كېتەيلى! — دەيدۇ.

قىز: نېمىشقا؟

گۈزەل: بىر سەھرالىقنىڭ ناخشىسىنىمۇ ئاڭلامسەن؟ ئۇ تۈرمىدىكى دادىسىنى سېغىنىپ كاكىراۋاتىدۇ...

قىز: مەن ئاڭلايمەن، گۈزەل.

— تولىمۇ ئەخمەق نېمىكەنسەن! — دەيدۇ گۈزەل.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ زال ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

ناخشا:

سەن ئازاب چەككىنىڭ ئەجەب،
ياشلىرىڭ بولدى قىيان.
تەلمۈرۈپ بەختىڭگە مەن،
ناخشىلار ئېيتاي ھامان.

زال ئىشىكىگە بېرىپ بولغان گۈزەل زالدا كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىنى ئاڭلاپ ئارقىغا قارايدۇ.

سەھنىدىن چۈشۈۋاتقان ئاينۇر زال ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان گۈزەلنى كۆرىدۇ.

گۈزەل ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

**69: چاپپارنىڭ ئۆيى، كېچە:**

چىراق ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان.

دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقان گۈلشەن ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمايدۇ.

**70. سىرت، كېچە.**

چىراقلار يولنى گۈڭگا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ساپ ـ سېرىق غازاڭلار يول ئۈستىنى بىر ئالغان. قار ئۇچقۇندىماقتا.

**71. يول، كېچە.**

ئەركىن بىلەن سەلىمە يولدا كەلمەكتە.

سەلىمە: سىز ئەتىكى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ بولدىڭىزمۇ؟

ئەركىن: تەييارلىقىم يامان ئەمەس، بىرنەچچە سوئالنى قايتا كۆرۈۋالسام ـ ئىمتىھاندىن چوقۇم ياخشى ئۆتۈشكە ئىشەنچىم بار.

ئەركىن: قانداق، تەتىلدە ئائىلىگە قايتىشنى ئويلاۋاتامسىز؟

ـ سەلىمە: قايتايمىكىن دەۋاتىمەن. بۇ يەردە يۈرسەممۇ دىلشاتتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.

ـ ئىشىكلار ئەجەب قاملاشماي قالدى! ـ دەيدۇ ئەركىن، ـ دىلشات دېگەن بۇ ئاداشنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەك ھەققەتەن تەس ئىكەن. پەسىلگە بېقىپ ئۆزگىرىپلا تۇرىدىكەن.

سەلىمە: ئىلگىرى يۇمشاق گەپلەرنى قىلسا مەن ئېرىپ كېتىپتىكەنمەن. مانا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. قاراپ تۇرۇپ ئۆزەمنىڭ كۆڭلىمنى ئۆزەم زېدە قىلىۋالدىم...

ئۇلارنىڭ گەۋدىسى بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىدۇ.

**72. جاپپارنىڭ ئۆيى، كېچە.**

گۈلشەن ئېغىر ـ ئېغىر ھاسىرىغان ھالدا ياتماقتا.

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىدۇ.

گۈلشەن چىراقنى ياندۇرىدۇ. ئۇ ئىچ مايكىسى بىلەنلا ئىشىك يېنىغا بارىدۇ ـ دە، ئىشىكنى ئاچىدۇ.

بوسۇغىدا ئۈستى بېشى قار بولۇپ كەتكەن جاپپار مۇئەللىم كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئالدىراپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ.

ـ كېچىدە كەپسىزغۇ؟ ـ دەيدۇ گۈلشەن.

جاپپار: ھەي ئۇنى سورىمايلا قويۇڭ، بەكمۇ مۇزلاپ كەتتىم. ئاۋۋال ئىسسىنىۋالاي، ئۇ لۆڭگە بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتىدۇ. ئاندىن ئۇزۇن پەلتوسىنى بىر يانغا ئېسىپ قويىدۇ.

گۈلشەن چاي قۇيۇپ جاپپار مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ـ چاي ئىچىڭ مۇئەللىم.

جاپپار: قانداق، بۇ ئۆيدە زېرىكمىگەنسىز؟

گۈلشەن: نېمىشقا، زېرىكەتتىم.

ئۇ چاپانلىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ.

جاپپار گۈلشەنگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدۇ.

جاپپار چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن:

ـ نەگە بارىسىز؟ ـ دەپ سورايدۇ.

گۈلشەن: ياتاققا چىقىپ كېتەي.

ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

جاپپار: ھەي — گۈلشەن!

گۈلشەن ئارقىغا قارايدۇ.

جاپپار كىرىسلودىن تۇرىدۇ:

— سىرتتا قاتتىق قار يېغىۋاتىدۇ، ياتاققا چىقالمايسىز. مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ قېلىڭ.

جاپپار تىترەپ كېتىدۇ. ئۇ چىرايىغا سۈنئىي كۈلكە يۈگۈرتىپ:

— خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ! — دەيدۇ.

گۈلشەن قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ:

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزەمنىڭ ياتىقىمدا ياتاي، — دەيدۇ.

ئۇ ئىشىك يېنىغا بارىدۇ.

جاپپار يۈگۈرەپ كېلىپ گۈلشەننىڭ ئالدىنى توسايدۇ:

— مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ قېلىڭ.

گۈلشەن: بولمايدۇ مۇئەللىم!

جاپپار گۈلشەننىڭ قولىنى تارتىدۇ.

— جۈرۈڭ!

گۈلشەن جاپپارنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارايدۇ.

جاپپارنىڭ كۆزلىرىدە ياۋايى نۇرلار چاقنىماقتا.

گۈلشەن: يولۇمنى توسماڭ، مۇئەللىم.

جاپپار: مەن سىزنىڭ تەقسىماتىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشىغا ۋەدە بېرىمەن. سىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككىمىز توي قىلايلى. مەندە پۇل، مال — دۇنيا دېگەن بەك نۇرغۇن. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— مۇئەللىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ — دەيدۇ غەزەبلەنگەن گۈلشەن، — سىز ئالجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ سىز مۇئەللىمغۇ؟!...

جاپپار: ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، مەن سىز بىلەن ئوخشاشلا ئادەم! مېنىڭ ئارتۇق يېرىم يوق، گۈلشەن.

ئۇ گۈلشەننىڭ قولىدىن سۆرەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

— قويۇۋەت، قويۇۋەت قېرى لۈكچەك! — دەيدۇ گۈلشەن جاپپارنىڭ قولىدىن ئاجراش ئۈچۈن يۇلقۇنۇپ، — مەن مەكتەپكە دەيمەن، قويۇۋەت!

جاپپار گۈلشەننى كارىۋاتقا باسىدۇ.

گۈلشەن جاپپارنىڭ قولىنى چىشلىۋالىدۇ. ئۇ جاپپارنىڭ مەيدىسىگە بىرنى تېپىدۇ.

جاپپار كارىۋاتتىن دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

گۈلشەن چاققانلىق بىلەن كارىۋاتتىن تۇرىدۇ. ئۇ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرەپ چىقىپ كېتىدۇ.

جاپپار ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياۋايىلىقى كۈچەيگەن.

گۈلشەن بىر دانە پىچاقنى قولىدا چىڭ تۇتقان ھالدا ئاشخانا ئۆيدىن چىقىدۇ. ئۇ گويا دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان جەڭچىدەك ئاستا — ئاستا جاپپارغا يېقىنلىشىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىنى غەزەب ئىگىلىگەن.

جاپپار پىچاقنى كۆرۈپ ئارقىغا داجىيىدۇ.

گۈلشەننىڭ قولىدا يالتىراپ تۇرغان پىچاق،

— سەنمۇ مۇئەللىممۇ؟ — دەيدۇ گۈلشەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قېرى لۈكچەك!

جاپپار: مېنى كەچۈرۈڭ گۈلشەن، سىزگە چاقچاق قىلغانتىم. مۇنداق رەنجىيدىغانلىقىڭىزنى زادى ئويلىماپتىمەن.

— قېرى لۈكچەك! — دەيدۇ گۈلشەن تەكرارلاپ.

ئۇ قولىدىكى پىچاقنى ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكى تەرەپكە قارىتىپ ئاتىدۇ. پىچاق ئىشىكتىن كىرىپ كېتىدۇ.

گۈلشەن ئارقىمۇ قارىماستىن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئىشىك قاتتىق يېپىلىدۇ.

جاپپار ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ تۇتقان هالدا كىرىسلودا جىمجىت ئولتۇرماقتا.

**73. يولدا، كېچە.**

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاراڭغۇ كېچىدە بىر گەۋدە ئاستا كەلمەكتە. بۇ گەۋدە گۈلشەن. ئۇنىڭ چىرايىغا هەسرەت ئالامىتى تېپىپ چىققان. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدىنپەي كۈچەيمەكتە.

**74. كۇتۇپخانىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.**

كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدىكى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئارچا دەرىخىنىڭ ئارىسىدا بىر توپ قىزلار كۈلۈپ ياتماقتا.

ئاپپارات يېقىنلاپ بارغاندا بىز بۇلارنىڭ ئاينۇر، زەينەپ ۋە باشقا قىزلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

ئۇلار رەسىمگە چۈشمەكتە.

گۈزەل بىر ياندا چىرايىنى تۈرگەن هالدا جىم تۇرماقتا.

زەينەپ رەسىم تارتقۇچى يىگىتكە:

— هەي، توختاپ تۇرۇڭ! — دەيدۇ.

ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىدىن ئون بەش مېتىر نېرىدا تۇرغان گۈزەلنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

— يەنە ئۆزگىرىپ قاپسەنغۇ؟ جۆر ئايرىلىپ قالساڭ بولمايدۇ. بۇ رەسىمنى ئائىلىسىگە قايتقان قىزلار جەزمەن ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىدۇ. سەن چۈشمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— مەن هازىر چۈشمەيمەن! — دەيدۇ گۈزەل ئاچچىقلاپ.

زەينەپ: نېمىشقا؟

گۈزەل: ئاينۇرنى نېمىشقا ئېلىپ چىقتىڭ. ئۇ مېنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدۇ. مۇنداق قىز بىلەن خاتىرە قالدۇرۇپ نېمە قىلاتتىم. مەن ۋىجدانىم بىلەن ياشايمەن.

— سېنىڭچە ئاينۇرنى قالدۇرۇپ قويۇپ بىز چۈشسەك بولارمۇ؟ — دەيدۇ زەينەپ سالماقلىق بىلەن، — ئەگەر كۆڭلۈڭ چىدىسا ئاينۇر هەرگىز يامانلىمايدۇ. ئۇ رەسىمگە چۈشمىسەڭمۇ يەنە بىزنى ئەسلەيدۇ، بىزنى ئۇنۇتمايدۇ.

— سەن يالاقچىلىق قىلما!— دەيدۇ گۈزەل غەزەپ بىلەن، — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ مۇھەببەت، نەپرەتنى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېغىنىسالىڭ كېيىن زىيان تارتىپ قالىسەن، دوستۇم.

— گۈزەل! — دەيدۇ زەينەپ غەزەپ بىلەن.

ئۇ بۇرۇلۇپلا گۈزەلنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالىدۇ.

ئاينۇر: ئۇ رەسىمگە چۈشمەمدىكەن؟

زەينەپ: بۇنى سورىما، ئاينۇر. بىز رەسىمگە چۈشەيلى.

ئۇ بايىقى جايغا كېلىپ ياتىدۇ. ئاندىن بىر كومزەك قارنى تۇتقان ھالدا يەنە بىر قولى بىلەن ئاينۇرنىڭ بويىنىنى قۇچاقلايدۇ.

رەسىمگە تارتقۇچى يىگىت ئۇلارنى «چاس» قىلىپ رەسىمگە تارتىۋالىدۇ.

گۈزەل ئازابقا چىدىيالماي ئۇدۇل دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

**75. ئەدەبىيات پاكولتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.**

گۈلشەن بىلەن سەلىمە قىزغىن پاراڭلاشقاچ ياندىكى يولدىن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

گۈلشەن: بۇنى ھېچكىمگە تىنما. مەن ئەينى ۋاقىتتا ساڭا ھەيۋە قىپتىكەنمەن. بۇ گۇناھىم ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايمەن. مەن ئەمدى ئەقلىمگە كەلدىم، دوستۇم.

— مەن ئۇ ۋاقىتتا سەندىن ئاغرىنمىغان، — دەيدۇ سەلىمە، — پەقەت سىزنىڭ ئېزىدىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرىگەن. ھەر ھالدا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۇ مەخلۇقنى يېڭىپسەن. بۇنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىمىز لازىم. ئەركىن ئاڭلىسىمۇ كۆڭلى زېدە بولىدۇ. بۇ بىرسىر بولۇپ قالسۇن.

ئىككىيلەن پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈشكە بىنا ئىشىكىدىن دىلشات چىقىپ كېلىدۇ.

سەلىمە بىلەن گۈلشەننىڭ كۆزى دىلشاتقا چۈشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرغان دىلشاتقا قاراپ ئۈن - تىنسىز جىم تۇرىدۇ.

گۈلشەن: نېمە بولدىڭىز، دىلشات؟

— نېمە بولاتتىم؟ — دەيدۇ دىلشات قوپاللىق بىلەن، — ئازاب چېكىۋاتىمەن... ئازاب...

ئىككىيلەن دىلشاتنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ بىنا ئىشىكىگە قاراپ ماڭىدۇ.

— سەلىمە! — دەيدۇ دىلشات، — سىز توختاڭ، ئايرىم گېپىم بار.

سەلىمە دىلشاتقا قاراپ قويىدۇ.

گۈلشەن: بېرىۋەرگىن، مەن كىرىپ تۇراي.

سەلىمە دىلشات تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

**76. يولدا، كۈندۈز.**

ئىككى كەۋدە خىيالغا چۆككەن ھالدا جىمجىت كەلمەكتە. دىلشات سەلىمىگە پات - پات يەر تېگىدىن قاراپ قويىدۇ.

دىلشات: زادى ماقۇل بولمامسىز؟

— ئېيتتىمغۇ، سىزگە چوقۇم مەلدىنمۇ ياخشىراق قىزلار چىقىپ قالىدۇ، — دەيدۇ سەلىمە، — سىز ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ!

دىلشات: مۇشۇ جاھىللىقىڭىز بىلەن مېنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمگە جاۋابكار بولالامسىز؟

— سىز مېنى قورقىتىپ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيسىز، — دەيدۇ سەلىمە غەزەب بىلەن، — مەن ھېچقاچان ئۆز ۋەدەمدىن يېنىپ باققان ئەمەس.

دىلشات: لېكىن سىز ئۆز ۋەدىسىدىن يانسا قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئۇنچىلىك ئېسىل خېنىملاردىن ئەمەس. سىز مۇھەببەتكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغان بولسىڭىز چوقۇم شاللاق قىز دېگەن نامنى ئېلىپ قالىسىز؟!

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — دەيدۇ سەلىمە يىغلامسىراپ، — مۇشۇ ھاقارىتىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ سىزگە ماقۇل بولمايمەن. سىزدەك ئالچاق ئادەم بىلەن يۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن.

ئۇ كېيىنكى تۈگىتىشىگە دىلشاتنىڭ قاتتىق شاپىلىقى سەلىمىنىڭ كاچىتىغا ئارقا-ئارقىدىن تېگىدۇ.

سەلىمە يۈزىنى سىلىغان ھالدا دىلشاتقا تىكىلىدۇ... ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى پارقىراپ كېتىدۇ.

— ئۆپكىسى يوق! — دەيدۇ سەلىمە يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن.

ئاندىن ئۇ بۇ يولدىن ياندىكى بىر بىنا تەرەپكە يۈرۈلۈپ كېتىپ قالىدۇ.

### 77. دىلشاتنىڭ ياتىقى.

ياتاق ئىچىدە يەقەت دىلشاتلا بار. ئۇ جىمجىت ياتاقتا شەپە چىقارماي ئۇيان-بۇيان ماڭماقتا. ئۇنىڭ قەلبىنى مۇرەككەپ ھېسسىياتلار داۋالغۇشى ئەسىر قىلىۋالغان. ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كېلىدۇ-دە، ياستۇقى ئاستىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ جوزا ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ئىنتايىن تېز ۋاقىت ئىچىدە بىر نەچچە قۇر خەت يازىدۇ. ئاندىن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن بىلەكتەك چوڭلۇقتا بىر لوم تۆمۈرنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى غەزەب ۋە ئالدىقانداق ياۋايىلىق ئىگىلىگەن. ئۇ ياتاق ئىچىگە تەكشى نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن لوم تۆمۈرنى كۆتەرگەن ھالدا ياتاقتىن ئايرىلىدۇ.

### 91. سىنىپ، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغ.

سىنىپتا بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئولتۇرۇشقان.

ئەركىن كىتاب-دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرغان ھالدا گۈلشەننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

— گۈلشەن!

گۈلشەن كىتابىنى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەركىننى كۆرىدۇ.

ئەركىن: كىنو كۆرۈپ كېلەيلىچۇ؟

— كۆرسەك كۆرەيلى، — دەيدۇ گۈلشەن.

ئەركىن: بېلەت ئېلىپ قويغان، ياتاقتا قاپتۇ. مەن دەرھال بېلەتنى ئېلىپ كېلەي، سىز مېنى كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ - بولىدۇ! - دەيدۇ گۈلشەن كۈلۈمسىرەپ.

ئەركىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

### 78. كۆل، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغ.

كەچكى قۇياش ئاخىرقى نۇرلىرىنى كۆل ئۈستىگە سەپمەكتە.

كۆل ئەتراپى قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن.

كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر گەۋدە سۇس كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاپپاراتنىڭ يېقىنلىشىشىگە ئەگىشىپ بىز بۇ گەۋدىنىڭ دېلشات ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.



ئۇ قولىدىكى لوم تۆمۈر بىلەن مۇزنى چوقىماقتا. لېكىن مۇز تېشىلمەيدۇ دېمەكەن، بىر ياندا سېلىنىۋاتقان ئون تۆت سۇغلۇق رەڭلىك رەسىمنى تۇرماقتا. ئۇ پات - پات رەسىمگە قاراپ قويىغاچ مۇزنى چوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

### 79. دېلشاتنىڭ ياتىقى، كەچ.

ئەركىن يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بىلەن ياتاققا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ياتاققا كىرىپلا ياستۇقى ئاستىنى ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ.

يەنە بىر ئوقۇغۇچى جوزا يېنىغا كېلىدۇ - دە، جوزا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان خەتكە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ خەتنى چاققانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىپ يېشانىسىگە پاقىقىدە بىرنى ئۇرىدۇ.

— بۇ نېمە ئىش، - دەيدۇ قاتتىق ئەنسىزلىك بىلەن، - چاققان بول، ئەركىن.

— نېمە بوپتۇ؟! - دەيدۇ ئەركىن.

ھېلىقى ئوقۇغۇچى قولىدىكى خەتنى ئەركىنگە بېرىدۇ.

خەت دېلشاتنىڭ ئاۋازىدا ئېكران سىرتىدىن ئوقۇلىدۇ:

— قەدىرلىك دوستلىرۇم، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم. مەن سەلىمە سالغان ئازابنى كۆتۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۆلىدىغان بولدۇم. خەير — خوش، مەندىن رازى بولۇڭلار. ئامان بولساق جەننەتتە ئۇچرىشارمىز. ئەگەر مېنى دەپنە قىلماقچى بولساڭلار جەسىدىمنى ئۈچ يېرىم قەۋەتلىك بىنانىڭ كەينىدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن ئىزلەڭلار.

خەير، بەختسىز دىلشات.

1985 — يىلى 14 — دېكابىر.

ئەركىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. ئۇ يېنىدىكى ئوقۇغۇچىغا:

— جۈر، كۆل بويىغا بېرىپ باقايلى.

ئىككەيلەن چاقماق تېزلىكىدە ياتاقتىن ئايرىلىدۇ.

**80. كۆل، كەچ.**

دىلشات مۇزنى تېشىپ كاچكۇل ئاچالمىغان. ئۇ مۇز ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا يىغلاقتا كۆرۈنۈۋاتقان بىنالارنىڭ يورۇق دېرىزىسىگە تەلمۈرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى غال-غال تىترىمەكتە. ئۇ قولىدىكى رەسىمنى پۇرلىغان ھالدا ئاستا يىرتىشقا باشلايدۇ. ئۇ رەسىمنى يىرتقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى نىيىتىدىن يېنىپ رەسىمنىڭ قالدۇق قىسمىنى يانچۇقىغا سالىدۇ.

تۇساتتىن «دىلشات! — دىلشات!» دېگەن سادا يىراقتىن ياڭراشقا باشلايدۇ. بۇ ئاۋاز پەيدىنپەي كۈچىيىدۇ.

دىلشات سەگەكلىشىدۇ. ئۇ قولىدىكى لوم تۆمۈرنى ئېلىپ مۇزنى چوقۇلاشقا تۇتۇش قىلىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئەركىن بىلەن يەنە بىر ئوقۇغۇچى دىلشاتنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كېلىدۇ.

— دىلشات، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

دىلشات مۇز چوقۇشتىن توختىمايدۇ.

ئەركىن: سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟

— ساراڭ بولغىنىم يوق. مەن بۈگۈن كېچە ئۆلۈپ بۇ دۇنيادىن خوشلاشماقچى.

ئۇ يەنە مۇز چوقىلاشقا كىرىشىدۇ.

ئەركىن دىلشاتنىڭ قولىدىكى لوم تۆمۈرگە ئېسىلىدۇ.

— نىيىتىڭدىن يانغىن، — دەيدۇ ئەركىن، — ئەگەر سەلىمىنى دەپ ئۆلۈپ بېرىدىغان بولساڭ ئوغۇل بالا ئاتالمايسەن.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، — دەيدۇ دىلشات، — مېنىڭ ئەمدى دۇنيادىكى بىررىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنىم سەلىمە بولۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى بىر ئويۇنچۇق ھېسابلايدۇ.

ئەركىن: ئۇنداق ئەمەس، مەن ئىككىڭلارنى يارىشتۇرۇپ قويىمەن. جۈر، قايتىپ كېتەيلى.

ئەركىن قولىدىكى لوم تۆمۈرنى يىراققا چۆرۈۋېتىدۇ. ئاندىن دىلشاتنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ جايدىن ئاستا — ئاستا يىراقلايدۇ.

**81. كۆتۈپخانا ئالدى، كېچە.**

ئەركىنگە ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان گۈلشەن پات – پات سائىتىگە قاراپدۇ. ئۇ ئاخىرى ئەركىننىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ – دە، بۇ جايدىن كېتىپ قالىدۇ.

**82. كۆتۈپخانا، كۈندۈز.**

كۆتۈپخانا ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار شالاڭ...
ئاينۇر پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرمەكتە.
ئۇ خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يازماقتا.
ئۇ سائىتىگە قاراپدۇ – دە، كىتاب – دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

**83. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدى، كۈندۈز.**

پەلەمپەيدىن يۇقىرىكۆتۈرۈلۈۋاتقان جاپپار بىنا ئىشىكىدىن چىقىۋاتقان گۈلشەننى كۆرۈپ سوغۇق ھېجىيىدۇ.



جاپپار: ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

گۈلشەن جاۋاب بەرمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:

– ياخشى! – دەيدۇ قوپاللىق بىلەن.

– ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىڭىز ئۆتتىمىدى.. پاكىتلار كۆپ، ئىلمىيلىكى ئاز بولۇپ قاپتۇ. قانداق قىلىسىز؟ – دەيدۇ جاپپار، – مەن يېزىپ بېرەيمۇ – يا؟

– رەھمەت سىزگە! – دەيدۇ گۈلشەن، – سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئۆتمىسە باشقا مۇئەللىملەرنىڭ قولىدىن ئۆتەر. مەن ماقالەمنىڭ تەقدىرىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيمەن، بىلىمىپ قىلىمىڭ. ماقالىنى باھالايدىغانلار تېخى خېلى ئايلار بار!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ پەلەمپەيدىن چاقماق تېزلىكىدە چۈشۈپ كېتىپ قالىدۇ.

جاپپار چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا ئۇزاپ كېتىۋاتقان گۈلشەننىڭ كەيىدىسىگە غەزەبلىك تىكىلىدۇ.

**84. مەكتەپ دوختۇرخانىسى، كۈندۈز.**

دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتتا گۈزەل ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ يېنىدا زەينەپ بار.

ئاينۇر ئىشىكتىن ئاستا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئالما، كونسېرۋا قاتارلىق يېمەكلىكلەر بار بولۇپ، ئۇ ئۇدۇل گۈزەلنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

ئاينۇر: ھېجەزىڭ قانداقراق؟

گۈزەل ئاينۇرنى كۆرۈپ ئاستا كۆزىنى يۇمىۋالىدۇ.

زەينەپ ئاينۇرغا:

— ئولتۇرغىن ! — دەيدۇ.

ئاينۇر كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇ قولىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىسىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ قويىدۇ.

ئاينۇر: گۈزەل!

گۈزەل ئاستا كۆزىنى ئاچىدۇ.

ئاينۇر: مەندىن ئۆتكەن ئىشلار بولسا كەچۈرگىن!

گۈزەل لېۋىنى ئاستا چىشلەپ قويىدۇ.

ئاينۇر: بىز ساۋاقداشقۇ گۈزەل!

گۈزەل: سەن قانداقراق قىز؟ مەن سېنى چۈشەنمەيمەن.

ئاينۇر ھودۇقۇپ قالىدۇ.

زەينەپ گۈزەلگە قاراپ:

گۈزەل، نېمە دەۋاتىسەن ؟ — دەيدۇ.

— گۈزەل: مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەگىلەپ بەرسەم بولامتى؟ بىز ساۋاقداش بولۇپلا ئۆتىمىز.

— شۇنداق، بىز ساۋاقداش بولۇپ ئۆتەيلى، — دەيدۇ ئاينۇر — مەن سېنى ياخشى چۈشىنىمەن. سېنى ئۇنۇتمايمەن. لېكىن سەن مېنى يادىڭدىن چىقىرىۋەتسەڭمۇ مەيلى... مەن سەھرالىق قىز! ...

گۈزەل سەگەكلىشىدۇ. ئۇ ئاينۇرنىڭ كۆزىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ ئاستا بېشىنى كۆتۈرىدۇ. لېكىن ئۇئۇن — تۈنسىز ھالدا جىم ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاينۇرنىڭ ياش تامچىلاۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلگەن.

ئاينۇر: بىز ساۋاقداش گۈزەل، بىز ساۋاقداش بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئادەم! شۇنى ئۇنۇتمىساق بولىدۇ!

ئۇ كېيىنى تۈگمىتىپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ.

گۈزەل ئاينۇر ئېلىپ كىرگەن ئالما، كونسېرۋا قاتارلىق نەرسىلەرگە قاراپ خىيالغا پاتىدۇ.

85. سەلىمىنىڭ ياتىقى، كۈندۈز.

دىلشات قىزلار بىناسىنىڭ كارىدورىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ «403» نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ.

بوسوغىدا سەلىمە پەيدا بولىدۇ.

دىلشات سەلىمىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قارايدۇ.

كارىۋاتتا ئولتۇرغان گۈلشەن:

— دىلشات، ياتاققا كىرىڭ! — دەيدۇ.

سەلىمە گۈلشەنگە قاراپ قويىدۇ.

ــ مېنى كەچۈرۈڭ، سەلىمە!

سەلىمە ئاستا ئىشىكنى ياپىدۇ.

دىلشات: مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەيىپلىك، سەلىمە. مېنى كەچۈرۈڭ.

سەلىمە: سىزنى كەچۈرۈشكە بولامدۇ؟!

**86. ئاينۇرلارنىڭ ياتىقى، كېچە.**

قىزلار سومكىلىرىغا نەرسە-كېرەكلىرىنى سالماقتا.

زەينەپ: قىشلىق كانىكۇلدا ئائىلىمىزگە قايتىدىغان پەقەت ئۈچىمىز بار ئىكەنمىز. ياتاقتا قالغانلار راسا ئوينىۋالىدىغان بولدۇڭلار جۇمۇ!

ئاينۇر: مەن دادامنى دەپلا قايتاي دەۋاتىمەن. بولمىسا كانىكۇلدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش پىلانىم بارتى.

شۇ ئەسنادا ياتاققا سالى مۇئەللىم كىرىپ كېلىدۇ.

ئاينۇر: كېلىڭ مۇئەللىم!

سالى مۇئەللىم كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ.

سالى: قاچان ماڭىسىلەر؟

ئاينۇر: مەن ئەتە ئاقسۇغا قاتنايدىغان ئاپتوۋۇزنىڭ بېلىتىنى ئالدىم. ئەتىلا يولغا چىقىمەن.

زەينەپ: مەنمۇ ئەتە يولغا چىقىمەن.

سالى: ئاينۇر، دادىڭىزغا سالام ئېيتىڭ.

ئاينۇر سۈكۈت ئىچىدە جىم تۇرىدۇ.

سالى: قىشلىق كانىكۇلنى كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىڭلار!

ئاينۇر: بىز سىز دېگەندەك قىلىمىز مۇئەللىم!

**87. چەكسىز دالا، كۈندۈز.**

چەكسىز كەتكەن دالا ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن. يىراقتىن كۈمۈشرەڭ تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر گەۋدە ئاياغلىرىنى ئاستا-ئاستا يۆتكىگەن ھالدا قارلىق دالادا كەلمەكتە. ئۇنىڭ بوينىغا ئورىۋالغان قىزىل شارپىسى شامالدا يەلپۈنمەكتە. بۇ گەۋدە ئاينۇر، ئۇنىڭ يۈزلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قولىدا ئاۋۋالقىدەكلا بىر سومكا بار. ئۇ كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن ھالدا بۇ چەكسىز دالادا يىگانە كەلمەكتە. تۇساتتىن ئۇنىڭ قەدەملىرى توختاپ قالىدۇ. قار ئۈستىدە پۈتلىرى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بىر ئۆلۈك توشقان ياتماقتا. توشقاننىڭ پاچاقلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن قانلار ئاپئاق قارنى قىزىل رەڭگە كىرگۈزگەن. ئاينۇر توشقانغا ئېچىنغان ھالدا ئۇنىڭ پۈتىدىكى قاپقاننى ئاجرىتىپ ئالىدۇ. ئاندىن قاپقانغا غەزەپ بىلەن قارايدۇ-دە، ئۇنى زەردە ئىچىدە يىراققا قارىتىپ ئاتىدۇ.

ئۇ قارغا چۆكۈپ تۇرغان بىر جۈپ پۈتىنى ئاستا-ئاستا يۆتكەيدۇ. يۈرەكنى تىترىتىدىغان يېقىملىق مۇزىكا ساداسى چەكسىز دالىدا ياڭرايدۇ.

ئاينۇرنىڭ گەۋدىسى قارلىق دالىدا بارا-بارا ئۇزاپ كېتىدۇ.

1986 - يىلى 5-، 6 - ئايلار، ئۈرۈمچى - مارالبېشى.

# ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى بولۇپ ئۆتتى

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا ۋىلايەت دائىرىسىدىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي ئوبزورچى بولۇپ، 45 كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا ئاقسۇ يەرلىك كومىتېت، ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لىن زىكتاۋ، ئاقسۇ يەرلىك كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى يولداش ياۋتەيجى، مۇئاۋىن بۇجاڭى، يازغۇچى ئادىل قاسىم، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش لىجۈئەن، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى نىياز مەخمۇت، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىلى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، شائىر ئارسلان قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

يىغىندا پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنى ھۆججەتلىرى ئۆگىنىش قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى «غەربىي دىيار سەنئىتى» دىن كەلگەن يولداشلار ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا مۇھىم سۆھبەت بايان قىلدى. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىدىن يولداش جىڭۋېشا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىن ئىنتايىن ياخشى ئېچىلدى، يىغىن ئىتتىپاقلىق، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئېچىلىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى.

يىغىندا مۇھىمى پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىنى قانداق يۈكسەلدۈرۈش، نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتقا قانداق ماسلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھاتنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇزاكىرە قىلىندى. يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى، ئۇسۇللىرى توغرىسىدا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىدىيىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشتا

خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى، رولى، ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر، كەڭ - كۇشادە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى: «خاتىرە ئەدەبىياتى» ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشنى تېز، ۋاقتىدا، مەزمۇنلۇق ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇش يىللىرىدا بولسۇن ياكى ھازىرقى تىنچ قۇرۇلۇش داۋامىدا بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ۋە مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

خاتىرە ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس چىنلىقتا، سىياسەتچانلىقتا، بەدىئىيلىكتە، جانلىقلىقتا ۋە بىلىملىكلىكتە ئىگە. ئۇ ئىسلاھات داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىش ۋە يېڭى ئادەملەرنى ئەڭ تېز، ئەڭ قىسقا، ئەڭ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى ئۇرغىتالايدۇ. ئۇ ھازىر ئۇچقاندەك راۋاجلانماقتا. «تاڭشەندىكى يەر تەۋرەش» بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خاتىرە ئەدەبىياتىغا بولغان تونۇش بىردەك بولمىدى. ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك ۋە ئەتراپلىق بولمىدى. بۇ قېتىم يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قانات يايدۇرۇلغان خاتىرە ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى مۇزاكىرە ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز روھنى ئۇرغۇتۇپ، دەۋرىمىزدىكى ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى، سۈپەتلىك خاتىرە ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، «يىپەك يولىنىڭ يېڭى قىياپىتى» دېگەن تېمىدىكى ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىمىز.

يىغىندا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، شائىر يولداش ئارسلان نۆۋەتتىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى توغرىسىدا مۇھىم پىكىر بايان قىلدى. ئۇ يولداشلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شېئىرىيەتتىكى ھەر خىل ئېقىملار توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئومۇمەن مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۈمىد ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتە ئاپتورلارغا قويغان تەلىپى ۋە ئۈمىدلىرى توغرىسىدىمۇ مۇھىم پىكىر بايان قىلدى.

ئۇندىن باشقا يىغىندا ئاپتورلارنىڭ يېقىندىن يازغان بىر رومان، ئىككى پوۋېست، يەتتە ھېكايە، ئىككى داستان ۋە 20 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەرلىرى ئوقۇلۇپ، ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش توغرىسىدا مۇھىم تەكلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا ئاپتورلارنىڭ 40 يىلغا سوۋغا قىلىدىغان ئىجادىيەت پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇزاكىرە قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

يىغىندا يەنە ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە دائىمىي ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىلدى. يولداشلارنىڭ دېموكراتىك كېڭىشىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى.

(ئىسلام سادىق)

# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە توغرىسىدا

(ئىلمىي ماقالە)

سۇلايمان داۋۇت

## ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك

«ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رېئال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ سەمەرىسىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىشىدىكى بىر «ئىلىم» ھەمدە ئىستىخىيىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» («يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» 1 - بەت ئا. راخمان)

ئەپسانىلەر ئومۇمەن ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە رەسمىي شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم.

باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ناھايىتى ئاجىز ۋە تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىمۇ يۈزە ۋە ئاجىز ئىدى. ئىنسانلار قەدىمكى زامانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن باشقا ئۇرۇقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تەركىبىگە تەئەللۇق بولغان مەسىلىلەرگىمۇ يولۇقۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىمۇ چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنداقلا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىزدىنەتتى.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ ئىزدىنىشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئاددىي ۋە ساددا تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى خىيالى - فانتازىيە ئارقىلىق ئەپسانىلەرگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئەپسانە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۈزە ۋە ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى.

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلانغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسى.

دېمەك، ئەپسانە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى تونۇشلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاڭ فورمىسىدۇر.

ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئىستىخىيىلىك سەنئەت شەكلى ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان بەدىئىي ژانىردۇر.

رىۋايەتلەر — خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بەلگىلىك تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ئورۇنلار، تارىخىي شەخسىيلەر، شۇنداقلا تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەردۇر.

رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرىدىغان بولغاچقا داۋاملىق تۈردە كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي ۋەقە، تارىخىي ئورۇن، تارىخىي شەخسىيلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان تۈرلۈك چۈشەنچىلىرىنى، سەنئەت ئارزۇلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا گەرچە ئۇنىڭدا ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەخسىيلەر بەلگىلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ بەزى بىر بەدىئىي سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئەسلى تارىخىي پاكىتلاردىن خېلىلا يىراقلاشقان بولىدۇ. شۇڭا بىز ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى يەنىلا خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى دەپ قارايمىز.

ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ساددا ئوي-پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، ئىستىخىيىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاكسىز سەنئەت ئىجادىيىتى ئىكەن، ئۇنداقتا ئەپسانە - رىۋايەتلەردە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى - ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنمۇ - يوق؟ ئەگەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپادىلەنگەن بولسا ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى قانچىلىك بولغان؟ ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ھازىرقى ۋاقىتتىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمى بىلەن ئاتاشقا بولامدۇ - يوق؟ مانا بۇ مەسىلىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر تەتقىقاتىدا ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

يولداش لىيۇشەنجاۋ: «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن ھازىرقى زاماندا بارلىققا كەلگەن سۆز، لېكىن «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەن ئۇقۇم قەدىمكى زامانلاردىلا بولغانىدى. ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر — غەربىي جۇسۇلالىسى پادىشاھلىرىدا ۋەتەن سۆيۈش ئىدىيىسى بولغان، دېيىلگەن. «جۇسۇلالىسىنىڭ پادىشاھىسى نەدىمۇ ۋەتەن سۆيمىسۇن!» شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن شۇن يۇمۇن داق دېگەن: «پۇقرالارنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈش، ۋەتەننى ئۆز ئۆيىنى سۆيگەندەك سۆيۈش كېرەك» («شۇن يۇ — خەن سۇلالىسى خاتىرىلىرى»). بۇ قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن كىشىلەردە ۋەتەن سۆيۈش ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى بولغانلىقىنى، پەقەتلا ئۇ چاغدا «لىك» (ئىزم) سۆزىلا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە كىشىلەر ۋەتەن سۆيۈش ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى بولغان ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك بولغان كىشىلەرنى «ۋەتەنپەرۋەر» دەپ تەسۋىرلەيدىغان ۋە ئۇلارغا باھا بېرىدىغان بولدى. دېمەك، ئىشلىتىلگەن سۆز ئانچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، «ۋەتەن سۆيۈش» دېگەن ئۇقۇم بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن دەيدۇ («ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي مەسىلە» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1984 - يىللىق 3- سان 81 - بەت).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىر خىل ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىمۇ ئىپادىلەنگەن ۋە بۇ خىل ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ھەر خىل بولغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك — تارىخىي ئۇقۇم، شۇڭا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىمۇ، ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئېتىشىمۇ ئەينى تارىخىي دەۋرگە ماس بولغان ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرغان. بەزى تارىخىي دەۋرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا بەزى تارىخىي دەۋرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئۆز يۇرتى، ئۆز تېررىتورىيىسىنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمىغان. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ «ۋەتەن» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى تار بولغان. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىمۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئاڭسىز ئىجادىيەت يولى بىلەن ئاڭسىز ھالدا گەۋدىلەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىمىز ئاڭلىق ھالدا مەيدانغا چىققان بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن مول بولغان بولىدۇ. شۇڭا قەدىمكى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن ھازىرقى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە

ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ياشاش يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن توپ بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ، كوللېكتىپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ چاغدا ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە ۋەھشىي ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ، كىشىلەر پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن تەبىئەت ۋە ۋەھشىي ھايۋانلارغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ باراتتى. مانا بۇ خىل كۈرەش شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئۇ چاغدىكى كىشىلەر تەبىئەت ۋە ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ تەھدىتىگە داۋاملىق يولۇقۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى، ئۇلارنىڭ سىرىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى توغرا بىلەلمەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى، قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىق قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بارلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار مۇشۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەسەۋۋۇر ئار-

قىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى كارامەتلىك تەڭرىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن، تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى. گەرچە ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا «ۋەتەن» ۋە «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەن ئىدىيە ئۇقۇم پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، خاتىرجەم تىرىكچىلىكىگە چاڭ سالىدىغان ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ھەر خىل ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى ۋە تەسەۋۋۇردىكى «تەڭرى» نىڭ كارامىتى بىلەن بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ئاڭسىز ھالدىكى ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى «ئانا خىتا ھەققىدە ئەپسانە» نى كۆرۈپ باقايلى؛

خۇش قامەت، كەمرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۇسۇرا ئانا خىتا ئىنسانلارغا كۈچ - قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى، سۇنىڭ مول بولۇشىنى تەمىنلىگۈچى مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن. ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجىداھاك ۋە دىۋە - سېھىرگەرلەرگە قارشى چىقىپ ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىپتۇ. جەڭ ئالدىدىن غەلىبە قازىنىشنى سوراپ، مۇقەددەس ھۇماغا سېغىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي مەرھەمەتلىك زەپەر دەستە، بەخت ۋە تەلەي تەڭرىسى ھۇما! ماڭا مەدەت بەرگىن، ئۈچ ئېغىز ۋە ئۈچ باشلىق، ئالتە كۆز ۋە مىڭ خىل كۈچلەر سولتانى ھەيۋەتلىك ئاجىداھاك ئۈستىدىن غالىب چىققاي» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانا خىتا ئىنسانلارغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈچى يەتتە باشلىق ياماۋۇز-ئاجىداھاكنى يەر يۈزىدىن پاك-پاكىزە يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ - قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۆزىنىڭ تىنچ، باياشات، ئەركىن-ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى ئۆزىگە غايىۋى ئاساس قىلغان بۇ رىۋايەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە غايىۋىلاشتۇرۇلغان مۇقەددەس مەبۇدە ئانا خىتا ئىنسانلارغا بەخت ۋە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجىداھاك، دىۋە ۋە سېھىرگەرلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ ياۋۇزلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بەخت ۋە تەلەي تەڭرىسى ھۇماغا سېغىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت ئېلىپ، ئىنسانلارغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈچى يەتتە باشلىق، ئالتە كۆز ۋە مىڭ خىل كۈچلار سولتانى ئاجىداھاك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئىنسانلارغا كۈچ قۇدرەت بەخش ئېتىدۇ.

ئىنسانلارغا مۇھەببەت، ئىنسانلارنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، تىنچ، ئاسايىشلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، شىجائەت، باتۇرلۇق، ياۋۇز دۈشمەن ۋە سېھىرگەرلەرگە (ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غەزەپ نەپرەت «ئانا خىتا ھەققىدە ئەپسانە» دە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى زامانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن باشقا ئۇرۇقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ

ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن ئىبارەت مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كېلىپ تۇ-
راتتى، ھەر قايسى ئۇرۇقلار ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى، ئۆز ئۇرۇقلىرى ئىگىلەپ
تۇرغان دائىرىنى قوغداش يولىدا بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. بۇ خىل ئۇرۇشلار
ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئۇرۇقىنىڭ مەنپەئەتىنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش يۈزىسى-
دىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىمۇ ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك
ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرتلىك، قەھرىمانلىق داستانى بولغان «شىراق» ئەپسانىسى بىزنىڭ
يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى تولۇق ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا سىر دەريا بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان
ساك قەبىلىرىنىڭ باشلىرىغا ئېغىر بىر كۈلپەت چۈشىدۇ. ئىران پادىشاھى دارا ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ساكلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان
ئىدى. ساكلار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان بىر پەيتتە
شىراق ناملىق ئاددىي بىر ئات باقار چوپان—ساكلارنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئامان-
لىقىنى ساقلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتىغان، تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە غەزەپ-نەپرىتى ۋۇلقان
كەبى يانغان جاسارەتلىك، قەھرىمان ئاقساقاللاردىن ئۆزىنىڭ بالا-چاقىلىرى ۋە نەۋرە-
چەۋرىلىرىنى بىر ئۆمۈر بېقىشقا ۋەدە ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە
تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قارشى ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىچىقى بىلەن
قۇلاق ۋە بۇرنىنى كېسىپ تاشلاپ، ئەزايى-بەدىنىنى قىيما-چىيما قىلىپ، دارانىڭ ئالدىغا
بېرىپ، ئۆز قەبىلىداشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ: «ئى شاھلار شاھىنشاھى، مەن
سىزگە بولغان خەيرىخاھلىقىم ۋە دوستلۇقۇم ئۈچۈن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. دارا ھەز-
رەتلىرىگە بويسۇنايلۇق دېگەن سۆز چىقىش بىلەن ئۇلار ماڭا چاپلىشىپ زەھىمسىز سۇ-
رەتتە قولاق ۋە بۇرنۇمنى كەستى، دادىمغا يېتىپ ئۆچ ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ» دەيدۇ.
دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدۇ ۋە شىراقنىڭ دېگىنى بويىچە يەتتە كۈنلۈك سۇ، ئوزۇق-
تۈلۈك ئېلىپ، ساكلارنىڭ «قاچقان» يولىنى توساش ئۈچۈن شىراقنىڭ يول باشلىشى بى-
لەن يولغا راۋان بولىدۇ. ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئوزۇق-تۈلۈكى تاما-
مەن تۈگەيدۇ. ئەمما ساكلاردىن دېرەك بولمىغاننىڭ ئۈستىگە ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆل-جەزى-
رىگە چىقىپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قەھرىمان شىراق چاۋاك ئۇرۇپ قاقاھلاپ قاتتىق كۈلىدۇ:
«مەن يەڭدىم. يالغۇز ئۆزەم پۈتۈن بىر قوشۇننى يەڭدىم، دەپ سۆيۈنىدۇ. جانىجان قەبىلەم ساكلار
ۋە ئانا تۇپرىقىم بېشىغا كەلگەن بالانى دەپئە قىلىپ باسقۇنچى ئىران لەشكەرلىرىنى ھالاكەتكە
ئېلىپ كەلدىم. تۆت تامانىڭ ھەر قايسى يەتتە كۈنلۈك يول، ئىز دېگەن تەرەپلەرگە كېتىۋې-
رىڭلار، بەرىبىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق يېمىرىپ نابۇت قىلىدۇ. مېنىڭ قېنى-
مىم ھەم ئەنە شۇ يەرلەرگە تۆكۈلىدۇ.» بۇ ئاچچىق ھەقىقەت ئىران لەشكەر بېشىنىڭ يۈرى-
كىگە نەيزىدەك قادىلىدۇ. ئۇ ۋەھشىلىشىپ قىلىچ بىلەن شىراقنىڭ بېشىنى ئالىدۇ.
ئەمما ئۆزلىرى بولسا تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ چۆل-جەزىرىدىن چىقالماي، ئاچلىق ۋە

تەشنالىق دەستىدىن ھالەك بولىدۇ». ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلما ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلغۇچى رېئاللىنىشتىك خاراكتېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى بولغان مۇئەييەن تارىخىي ۋەقە، تارىخىي ئورۇن، تارىخىي شەخسىيلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى ئەپسانىلەرگە قارىغاندا زور دەرىجىدە كېڭەيگەن. خانلىق تۈزۈم شەكىللەنگەندىن كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان. بۇ چاغدا يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئۇقۇم ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئۆز تېررىتورىيىسىنى قوغداش، ئۆز خەلقىنى قوغداش، ئۆز يۇرتىنى قوغداش ئىدىيىسى شەكىللىنىپ بولغان. ئەنە شۇنداق تارىخىي پاكىتلارنى مەنبە قىلغان رىۋايەتلەردە بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق غايىسىنى تارىخىي ۋەقە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن «تومارىس رىۋايىتى» ئەنە شۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ بىرى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىردە بىر نەچچە مەملىكەتلەرنى بېسىۋالغان، ئىسكەرچە كىشىلەرنى قۇل قىلغان كەيخىسراۋ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 552-يىلىدىن 486-يىلىغىچە ئىرانغا شاھ بولغان) ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەر ئاجىۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە قارشى قەھرىمانلارچە كۆرەش ئېلىپ باردى. كەيخىسراۋ ئاسىيادىكى ماساگىتلار قەبىلىسىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ زامانلاردا ماساگىتلارغا تومارىس دېگەن ئەقىللىق، دانا بىر ئايال باش بولۇپ تۇرغانىدى. تومارىس ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئامانلىقى، ئەركىنلىك، ئازادلىقى ئۈچۈن ماساگىتلارغا باش بولۇپ ماساگىتلارنى دۈشمەنگە قارشى مەرتلەرچە كۆرەش قىلىشقا ئاتلاندۇردى. مەرتلىك ۋە راستچىللىق بىلەن كامالەتكە يەتكەن تومارىس دۈشمەننىڭ ئەڭ مۇھىمى نامەرتلىك قىلماسلىقىنى، ھىلە-مىكىر ئىشلەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز تومارىسنىڭ كەيخىسراۋغا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىنى كۆرۈپ باقايلى: «بىز بىلمىمىزكى سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەبتىن، ئەگەر مەسلىھەتىمىزگە كۆنمەي ماساگىتلارغا قارشى توقۇنۇشنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن، بىزگە ئېيتساڭ، ساڭا كاشىلا قىلماي، ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىققا كۆچۈپ كېتىمىز. ئۇ چاغدا دەريادىن بىمالال ئۆتىسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ ئۇنى بىزگە ئېيت! بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز. ئەمما نامەرتلىك قىلما!...» مەرتلىك ۋە قەھرىمانلىقنى ئىپادىلىگەن بۇ جۈملىلەر تومارىسنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق قىياپىتىنى مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن كەيخىسراۋ ھىلە-مىكىرلىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تومارىسنىڭ ئوغلىنى ئەسىر ئېلىۋالىدۇ. دۈشمەننىڭ نامەرتلىك قىلىپ ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشى تومارىس باشچىلىقىدىكى پۈتۈن ماساگىتلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. تومارىس ئۇنىڭغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىدۇ: «ئەي قانخور كەيخىسراۋ! قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانماي يۈرمىگىن، سەن

مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇ-يۈز جەڭدە يەڭگىنىڭ يوق، ئۇنى مەككارلىق بىلەن شاراپ ئىچكۈزۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ. ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ، كەلگەن يېرىڭگە زىيان-زەخمەتسىز قايتىپ كەت، ئەگەر كېپىمگە كىرمەسەڭ، ماساگېتلار تەڭرىسى-قۇياش نامى بىلەن قەسەمياد قىلىمەنكى، مەن سەندەك ئاچكۆز قانخورنى قان بىلەن سۇغۇرىمەن!...»

تومارىس ئوغلى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ماساگېتلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. توغرا يوللۇق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنى قانچىلىك سۆيسە نامەرت، ۋىجدانسىز باسقۇنچىلارغا شۇنچە نەپرەتلەندى. تومارىس باشچىلىقىدىكى قەھرىمان ماساگېتلار قەبىلىسى كەيخىسراۋ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. تومارىس كەيخىسراۋنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ قان بىلەن تولغۇزۇلغان يوغان قاچىغا سېلىپ، ئۆز كۈرىشىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي نامەرت، جەڭدە سېنى ھالاللىق بىلەن يېڭەلمەي چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىمدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ. سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدۇڭ، مەن ئۆز قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىرەر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ!...»

تومارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر ۋە يېڭىلمەس قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسى بولۇپ، تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن زور. يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر روھ بۇ رىۋايەتنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە بىر قىزىل يىپتەك سىڭىپ كەتكەن.

## خاتىمە

يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ھەققىدە ئۆز ئىزدىنىشىمىزدىن ھاسىل بولغان چۈشەنچىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم، شۇنداقلا بىر نەچچە پارچە ئەپسانە-رىۋايەت ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ۋە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ باردىم. يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان شەكىلدە ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن. ئەپسانىلەردە بولسا بۇخىل ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى تار بولغان، ۋەتەن ۋە ۋەتەننى سۆيۈش چۈشەنچىسىنىڭ دائىرىسى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش، ياۋايى ھايۋاناتلاردىن مۇداپىئەلىنىش، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك شارائىتىنى قوغداش، ئۆز مەنپەئەتىنى ۋە ئۆز ئۇرۇقىنىڭ (قەبىلىلىرىنىڭ) مەنپەئەتىنى قوغداش... قاتارلىق دائىرىلەرنى ئۆز-ئىچىگە ئالغان بولسا، مۇئەييەن تارىخىي ۋاقىت، تارىخىي ئورۇن، تارىخىي شەخسلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان رىۋايەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئەسلىدىكىدىن زور دەرىجىدە كېڭىيىپ ئۆز يۇرتىنى، ئۆز دۆلىتى (خانلىق) نىڭ تېررىتورىيىسىنى، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى (ئاسايىشلىقىنى، ئەركىنلىك، ھۆرلىكىنى) قوغداش... قاتارلىق دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مۇشۇ نۇقتىلارنى نەزەرگە ئالغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە ئەنئەنىۋىلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ھازىرقى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئۇقۇمى بىلەن ئىپادە قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

جوڭ جىڭۋېن: «خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 6-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى)

شەرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى 9-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى)

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981-يىلى 9-ئاي نەشرى)

مەمەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى 9-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى)

ئابدۇكېرىم راخمان «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 8-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى)

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى (1980-يىللىق 1-سان، 4-سان، 1981-يىللىق 2-، 3-، 4-سان، 1983-يىللىق 4-سان، 1984-يىللىق 3-سانلار).

(تەھرىردىن: بۇ، ئاپتورنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىن تەييارلىغان دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى. شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاقسۇ شۆبىسىدە ۋە باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار ئۈچۈن ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، مۇشۇ بىر پارچە ماقالە ۋەكىل قىلىنىپ بېرىلدى).

---

(بېشى 107 ـ بەتتە)

قارشىلىق كۆرسەتمەستە جاۋخەنچىڭغا گەپ قىلماي يىمىز-دېدى. دادام ماڭا باۋادا قېچىپ كېتىپ يولدا تۇتۇلماي ئۆيگە كېلەلمەي قالساڭ لازىم بولار دەپ ئون دانە تەڭگە بەرگەنىدى. مەن قازاناققا كىرىپ بەش دانە تەڭگىنى ئېلىپ قېلىپ بەشنى خاپەيجاڭنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن خاپەيجاڭ ئۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى، دەپ تەڭگىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇر كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ كېيىپ كېتىشكە ھازىرلاندىم. بۇ ۋاقىتتا مېنى باغلىمىدى. بىر كىلومېتىر يول يۈرگەندە بىر توپ قاراڭغۇ دەرەخ ئارىسىغا باردۇق. بۇ جايدا بىر نەپەر ئەسكەر قاچقۇنچىدىن بىرىنى تېرەككە باغلاپ، بىزگە قاراپ تۇرغان ئىكەن. باغلانغان ئەسكەرنى قاراڭغۇدا تونۇيالمىدىم.

خاپەيجاڭ ئاتقا مىندى. ئىككى ئەسكەر پىيادە مىلتىقنى مۈرىسىگە ئارتىپ مېنى ۋە باغلانغان ئەسكەرنى ئالدىغا سېلىپ ئاقسۇغا ھەيدەپ ماڭدى. ئايدىڭ كېچە بولغاچقا تاڭ ئاتقىچە ئاقسۇغا يېتىپ باردۇق. ئىككىمىزنى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا ئەكىرىپ بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى. خاپەيجاڭ بىلەن ئىككى ئەسكەر باشقا ئۆيدە ياتتى. باغلانغان ئەسكەر ئاۋاتلىق مەخمۇت ئىكەن. ئۇنىڭ قولىنى سولاپ قويغاندا يېشىۋەتتىم. ھارغانلىقىمىزدىن ئۇيقىغا كەتتۇق، ئەتىسى بىزنى يەكەنگە ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئون كۈندە يەكەنگە يېتىپ باردۇق. تەڭگە پۇل بىلەن توخۇ گۆشىنىڭ يۈزىسىمۇ ئەيناۋۇر يەكەنگە بارغاندا سوراققا تارتىلدىم.

رەتلەپ خاتىرىگە ئالغۇچى: قادىر مەكىت

# سۆيگۈ لىرىكىلىرى

## قۇدرەت قۇربان

### ئېھتىيات ئەيلەيمەن سېنىڭدىن، پىراق...

ئېھتىيات ئەيلەيمەن سېنىڭدىن، پىراق،
سورايدۇ دىلىم ئۆز ئىستىكىن ھەرۋاق.
زورۇقۇپ ئاۋارە بولسىمۇ ھامان،
قىسىلغان بۇ دىلنى ئۆرتەيدۇ پىراق.

ئېھتىيات ئەيلەيمەن سەندىن، ئەي جانان،
جىلۋىگەر جامالىڭ، ئوتلۇق كۆزۈڭدىن.
ئېھتىيات ئەيلەيمەن: دىلىمدا كۈن-تۈن،
چىن سۆيگۈ ۋۇلقىنى پىنھان سېنىڭدىن...

### كۆز ياش ۋە شاراب

كۆزلىرىدە مىسكىن بىر نەزەر،
دوستۇم سۆزلەر قولىدا شاراب،
كۆزلىرىدىن ئاققان تامچە ياش،
سىرغىپ چۈشەر قەدەھكە شۇ تاپ:

دېدىكى ئۇ، — ئەزىز ھېسلىرىم،
ئېچىنمايمەن سىلەرگە پىراق.
سۆيگۈ نېمە، ئەقىدە نېمە،
بىلمىسەمچۇ ئىكەن ياخشىراق.

بىلمەس ئىدىم ئىشقى سۆيگۈنى،
ئاھ، بىلدۈردى ماڭا شۇ نىگار.
بىلدۈردى — يۇ، قويدى ھەسرەتتە،
دىلنى پىراق ئەيلىدى خاكسار.

دىلنى پىراق ئەيلىدى خاكسار،
دەيمەن پىراق ئاڭا تەشەككۈر.
چۈنكى مۇمكىن، سۆيگۈنى ئۇنسىز،
بىلمەس ئىدىم بەلكى بىر ئۆمۈر...

شۇ ئاندا مەن دېدىم دوستۇمغا،
— كۆز ياشلىرىڭ ئاۋۇتتى مەينى.
دېدى، — بۇ ياش ئاچچىقتۇر مەيدىن،
بەلكى مەينىڭ تەگشىلەر پەيزى.

### ئېھتىياتسىز يۈرەككە...

ئېھ يۈرۈكۈم، ئېھ، يۈرۈكۈم، تاپسا كۆچۈ ئارام،
ئامالسىز مەن، سەن ھەم مېنى ئۆرتىمە بۇنچە.
پەخەس بولغىن كېچە-كۈندۈز مەن ئەسكەرتىپ ساڭا،
ئەمدى كەتتى بەزلەشلىرىم ئۇرۇنسىز شۇنچە.

بەس، ئەمدى سەن تەقدىرىڭگە تەن بەرگىن پەقەت،
سەنگەن ئىدىم بىرھەم شۇ قىسمەتلىرىڭنى.
ئاھ، نېھايەت ئاتەشىڭنى ئەيلىدى تۇتقۇن،
بىلەلمىدىم قاي كەچمىشىڭ كۆتەركىن سېنى.

### ئېچىنما...

ئېچىنما ئەي نىگار، ئېچىنما ئۇنچە،
بوپقالدى دەپ مېنى مەيخۇمار مەجنۇن.
باقمىسەن ئېچىنمىش نەزىرىڭدە سەن،
بىلمەسمەن، شۇ نەزەر — بېغۇبار مەزمۇن.

ۋە لېكىن مەي ئەمەس تەشنارى قىلغان،
ھەر قاچان ۋۇجۇدۇم چاڭقاق بەردىر.
ئىچسە مۇ مەجنۇنمەن، ئىچمىسە مۇ ھەم،
بولغاچ دىل كۈنۈ-تۈن ئىشقىڭغا ئەسىر.

### ئىلتىجا ١

ئىخ، ئەي كۆي، بولدى بەس، ئەزمە بۇ دىلنى،
ئىلتىجا مېنىڭدىن، ئەيلىگىن شەپقەت!
بى رەھىم تىغلىرىڭ ئۇرۇپ ئاياۋسىز،
ئاراملىق بۇ دىلغا يەتكۈزمە زەخمەت!

ئەسلىتەر ئۇنتۇلغان دەملەرنى ئاھىڭ،
كۆرۈنەر مۇڭلىرىڭ ئىچرە شۇ جانان.
ئاڭلىنار شۇ ئاۋاز جور بولۇپ گويا،
سېزىلەر نۇرغا لىق تولغاندەك جاھان...

توختا يەسەن بىر نەپەس مۇڭلىنىپ لەرزان،
ۋە لېكىن ئۇلغىيار ئېغىر خىيالەت...
ئېخ، ئەي كۆي، بولدى بەس، ئەزمە بۇ دىلنى،
ئىلتىجا مېنىڭدىن، ئەيلىگىن شەپقەت!

### قەبرىلەرنى تۈزلىۋەتكىن، بەس!

رۇخسارىڭدىن كەتمەس تەبەسسۇم،
خۇلقلىرىڭ نەپىس - نازاكەت.
ھەر سۆزۈڭنىڭ ۋەزنىدە شوخلۇق،
بىراق سەندە پىنھانە ھەسرەت.

كىرىپ روھىي كائىناتىڭغا،
ۋۇجۇدىدا كۆردۈم كارامەت:
تۇرار ئۇندا چۆلدىرەپ گويا،
كۆپ قەبرىلەر -
كۆپلىگەن جەسەت...

ئېخ، ۋۇجۇت!
ئېخ مەرھۇم ھېسسىيات!
ھېسسىياتلار — جىسمىڭدا قەبرە،
قەبرىلەرنى تۈزلىۋەتكىن، بەس،
ئېچىلدۇرغىن يېڭىدىن لالە.

### سېنى تۇنجى كۆرگەندىن بېرى

كۆردى جانان كىتاب قېتىدىن،
يېڭى مەشق شېئىر بېتىنى.
ئوقۇپ كەتتى يېنىش - يېنىشلاپ،
بېرىپ ئاڭا پۈتۈن ئېسىنى.

خۇش تەئەججۇپ ئېيتتى چاقچاقلاپ،
«شائىر دەيمىز قاچاندىن سېنى.»
دېدىم: «شۇ ياز، چېچەكزار باغدا،
سېنى تۇنجى كۆرگەندىن بېرى.»

## ئىككى شېئىر

## پەرھاد مەسۇم

### دەريا لىرىكىسى

تەبىئەتنىڭ كۆمۈش تاپچىقى،
شوخشۇپ چاپچىپ ئوينىپ كېلىسەن.
سەكرەپ ئاپئاق تىكچوققىلاردىن،
دالا - تۈزنى بويلاپ كېلىسەن.

ئاقىمىڭدا ئانا سۈتى بار،
كەڭلىكىڭدە ئالەمچە قامەت.
بۈيۈكلۈكتە تەنھا دۇر ئۆزەڭ،
گۈزەللىكىڭ بىباھا زۈمرەت.

يارىلىدۇ بارچە گۈزەللىك،
سېنىڭ ئەلۋەك سىماپ سۈيۈڭدىن.

سۆيۈنىدۇ ھەر جان، ھەر يۈرەك،
شاۋقۇنلىغان ئوتلۇق كۈيۈڭدىن.

كۈيلىرىڭگە سالىدۇ قۇلاق،
قىرغاقلاردا ياشنىغان جانلار،
ئېقىپ كىرسەڭ زېمىن قوينىغا،
كۈلۈپ كېتەر ئالتۇن ۋادىلار.

كەڭلىكىڭنى ئانا مېنىڭ قوينى،
ھەر تامچەڭنى ئوغۇزۇم دەيمەن.
ئارامبەخش بەرگەن يۈرەككە،
شەربىتىڭنى ئىچىپ قانمايمەن.

ئېلىپ كەتتى يارقىن كۈيلىرىڭ،
يۈرۈكۈمنى جۇدا قىپ تەندىن.
ئايرىلالماي تۇرىمەن تەنها،
قىرغىقىڭدا مەن شۇ چاغ سەندىن.

## كۈمۈش سۇدا كۆردۈم ئەكسىڭنى

ئاق لالەم، ئەي ئاي يۈزلۈك لالەم،
يەلپۈپ قوياي قۇندۇز زولپىڭنى.

ئۇزاتقىن قول، قوشۇلسۇن تىنىق،
يۈرۈكۈمۇ بىلسۇن خۇلقىڭنى.

ئۇزاتتىم قول، ئۇزاتقىن سەنمۇ،
ئۆزۈڭ سالغان بارماقلىرىڭنى.
كۆرۈپ قالدىم سۇدا بىرسىنىڭ،
ساڭا سالغان قارماقلىرىنى.

كۈمۈش سۇدا كۆردۈم ئەكسىڭنى،
يالتىرايدۇ بوينۇڭدا مارجان.
قاراپ ئۇزاق تويمايمەن ئەسلا،
بىز ۋىسالغا يېتەرمىز قاچان؟

قارىغانچە قارىغۇم كېلەر،
كۆرۈنمەيسەن گاھىدا بىراق.
سوققان يۈرەك بىلىدۇ پەقەت،
ئايرىلىقىمىز بولسىمۇ يىراق.

بىر كەلسەڭدىڭ شۇ چاغ يېنىمغا،
بېلىق كەبى ئۈزسەڭ ئىككىمىز.
بېلىق بىلەن سۇدەك چېتىلسا،
يالقۇنلىغان كۆڭۈل رىشتىمىز.

xxxxxxxxxxxxxxxxx

## لىۋىمىدىكى ئىز

### ئابدىراخمان مامۇت

كىرپىكلىرىڭ يۈرۈكۈمگە سانجىلدى،
كۆزلىرىڭنى قىيا قىلىپ باققاندا.
ئوماق خۇلقىڭ ئېلىپ قاچتى ئەقلىمنى،
تومۇرۇمدا ئىشقى ئوتى ئاققاندا.

ئوت چاچتىڭمۇ بىلەلمىدىم مەن ئۇنى،
(سەھەر بارمۇ پاساھەتلىك سۆزۈڭدە)

كۈلۈپ قويدۇڭ پىسىڭگىدە نازلىنىپ،
كۆل ئېچىلدى خال چىكىلگەن يۈزۈڭدە.

پىنھان پەيتنى كەتكۈزمىدىم قولۇمدىن،
چېشلىرىڭنىڭ ئىزى قالدى لىۋىمدە.
يۈرەكلەرنىڭ رىتىملىرى ئاڭلاندى،
بىلەكلىرىم يۆگەلگەندە بېلىڭدە.



# بەيگە سوۋغىسى

(پوۋېست)

ئامانگۈل مامۇت

1

1945- يىلى باش باھار.

باھارنىڭ ئىللىق شاماللىرى ئۆگەن دەريا ۋادىسىدىكى ئەمدىلا يېشىللىق تونىغا ئورىلىشقا باشلىغان بۇ قەدىمكى زېمىن ئۈستىنى يېنىك سىيپاپ ئۆتمەكتە.

ئەنە ئۆگەن دەريا بويىدىكى نورۇزشا تېلىقى، گويا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇن ياساۋاتقان شاش دەريا سۈيىدەك تاشقىنلىماقتا...

بۇ يەردىكى توپ - توپ كىشىلەر خۇشاللىق ۋە قىزىقىش بىلەن بۈگۈنكى ئات بەيگىسىگە چۈشىدىغانلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، بەيگىگە چۈشىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ئون نەچچە يىگىت ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېگىز بوي، كەۋدىلىك كەلگەنرەك- گى-رۇخسارى كېلىشكەن يادىكار ئىسىملىك بىر يىگىت، بەيگىگە چۈشىدىغان باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش ھاياجانلانماي كەتمەسمۇ، ئۇ ئىمد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا گىدىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، قاراملۇل كەلگەن باينىڭ مەسلىھەتچىسى نامەتنىڭ چىرايىدا بولسا مۇغەمبەرلىك، تاماخورلۇق ۋە كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى كۆچاۋۇك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ئۇ يىگىرمە ئاتلىق ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئىدى. بۈگۈنكى بەيگىگە چۈشىدىغانلارنى باي ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ بەيگىگە چۈشكەن ئون نەچچە يىگىت ئىچىدە قايسى ئۆزۈپ چىقىپ بەللىگە ئالدىن يېتىپ بارسا باي ئۇنىڭغا ئات تەقدىم قىلماقچى ئىدى. بىراق

ئەمەتبەك بەيگىگە چۈشكەنلەر ئىچىدە يې-
قىن مەھەللىدىكى ئاغىنىسى مەخسۇتبەگنىڭ
بەكزادىسى لىتىپجاننىڭ بەيگىدە ئۈزۈپچە-
قىشىنى، ئاتقىمۇ ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى،
چۈنكى باي ئۈزۈندىن بېرى لىتىپجانغا ئۆز
قىزىنى بېرىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتاتتى.
ئۇنىڭ نەزىرىدە لىتىپجان بىر ئاز ئەقىل-
لىق، ئوتاقچىلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا دا-
دىسىدىن تەجرىبىلىك دەپ قارايتتى.

ئۇ مۇشۇكەنتتىكى كۆپلىگەن ئەل-جامائەت
ھىمايە قىلىدىغان يادىكارنى ياقتۇرمايتتى.
لېكىن نېمە ئىلاج؟ بەيگىچىلەرنىڭ سانىنى
ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بول-
دى. ئۇ يادىكارنىڭ قاۋۇل بەستىگە سوغۇق
نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. ئادەملەر تې-
خىمۇ كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى.

سائادەت ئادەتتە بۇنداق بەيگىلەرگە
بەك ھەۋەس قىلىسىمۇ، ئەمەتبەگنىڭ رۇخ-
سىتىسىز بەيگە بولمايدىغان بۇ يۇرتتا بۇ-
گۈنكىدەك بەيگىنىڭ بولۇشى ناھايىتى زور
خۇشاللىنارلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئۇسەن-
ئەتخۇمار قىز، لاتاپەت جەھەتتىمۇ بۇ يې-
زىدىكى قىزلارنىڭ سەرخىلى ھېسابلىناتتى،
ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتىگە قەدەم قويغان بو-
لۇپ، ئاچىسى ھۆردىيە تىنىڭ ياردىمىدە خېلى
كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۇ ناۋايى شېئىرلى-
رىنى ئەڭ كۆپ يادقا ئالغان، يۇرتتىكى قىز-
لاردىن ئەقىللىق ۋە ياخشى تەربىيە ئالغان
قىز. ئۇ مۇشۇ تاپتا بەيگىگە چۈشىدىغانلار-
نى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى،
ئۇ ئېگىز بويلۇق، كەڭ پېشانىلىق، قاۋۇل
بەستىدىن بىر خىل باتۇرلۇق تەك ئالامەتلەر
چىقىپ تۇرغان يادىكارغا كۆز سالدى. قىز-
نىڭ يۈرىكى ئۆزى تېخى چۈشىنىپ بولمايدى-
دىغان بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ ئىچىدە تى-

پىرلايتتى، بەيگىگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان
بۇ يىگىت يىراقلارغا پەرۋاسىز قاراپ تۇ-
رۇپمۇ ياشلىقنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدا ياتقان
سائادەتنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالماقتا
ئىدى. ئاشۇ مىنۇتتا سائادەت، يىگىتنىڭ
يېنىدا مۇغەمبەرلىك بىلەن تۇرغان نامەت
تۆلكىنىڭ ئاچكۆزلۈك ۋە شەھۋانىلىق ئارى-
لىشىپ كەتكەن پولتىيىپ چىققان كۆزلىرى-
نى ئۆزىگە مىقتەك تىكىپ تۇرغىنىنى كۆر-
گىنىدە نازۇك تېنىنىڭ ئىختىيارسىز شۈر-
كىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە، پەرۋا-
سىزلىق ۋە تەشۋىش ئىچىدە نەزەرىنى باش-
قا ياققا ئاغدۇردى.

بەيگە باشلىنىش بىلەن تەڭ مەيدانغا چۈ-
شۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ئاتلىقلار ئات-
لىرىنى چاپتۇرۇپ دالىغا ئۇچتى، سائادەت
قوللىرىنى پېشانىسىگە سايە قىلىپ، قاپ-
قارا، تال-تال كىرپىكلىرىنىڭ قورشاۋىدى-
كى سۈزۈك بۇلاققا ئوخشايدىغان كۆزلىرى
بىلەن ئاتلىقلار توپىغا قارىدى. سائادە
ئويلىغانىدەك ھېلىقى بەستلىك
يىگىت قۇيۇندەك ئات سېلىپ
بەيگىچۈشكەنلەرنىڭ ئالدىدا كېتىپ
باراتتى. قىقاس-چۇقانلار بىلەن بەس-
لىشىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار،
مانا يەللىگىمۇ يېقىنلاشتى. چەبدەس چەۋەن-
داز يادىكار ھەممىنىڭ ئالدىدا — بىرىنچى
بولۇپ يەللىگە يېتىپ بارغىنىدا جامائەت
ئارىسىدىن قىقاس-باركاللا سادالىرى
ياڭرىدى.

يادىكار ئات ئۈستىدە مەغرۇر كېلىۋا-
تاتتى، ئۇ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئۇنى
قارشى ئېلىۋاتقان، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلى-
ۋاتقان خەلق ئۇنى قورشىۋېلىپ تەنتەنە
قىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىن سالپىيىپ

كېلمشكەن بەگزادىلەرنى باي ئەيـمپلىگىلى تۇردى.

يادىكار قىزلار توپى ئارىسىدا كېلمشكەن زىلۋا بوي قىزنىڭ ئۆزىگە زەڭ قويـۇپ ئۇمىد بىلەن باققان ئېنتىزار كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر سېھرى كۈچنى كـۆرگـەندەك بـولدى. سائادەتنىڭ كۆزلىرى يادىكارنىڭ يـاشلىق ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئـۇچراشقاندا شەلپەردەك قىزارغان يۈزلىرىنى يـۇشۇرۇپ يـەرگە قارىۋالدى. دەل مۇشۇ مىنۇتتا ئۇلارنىڭ كۆز بېقىشلىرىـغا يوشۇرۇن دىققەت قىلىۋاتقان نامەت تۇلكە يـەرنى تېشىپ چىققان چاشقاندەك بۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ـ دە، چېقىر كۆزلىرىنى مائادەت بىلـەن يادىكارغا تىكىپ ئاندىن نېرىقى تۆپىلىككە قارىدى.

× × ×

بۇ چاغدا نېرىقى تۆپىلىكتە ئۇچىسـىغا ئۇزۇن پەشمەت كېيىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ قارا، يوغان گۆشلۈك يـۈزلىرىدىكى چېقىر كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ تـۇرغان ئەمـەتبەگنىڭ ئەلپازى بـەكمۇ ئوساللىشىپ كەتكـەنـدى، ئۇ شـۇ تاپتا كـۆڭلىدىن بىر شۇملۇقنى كەچۈرۈۋاتاتتى، ئۇ ئۆسكىلـەك ساقاللىرىنى سىلاپ تـۇرۇپ يېنىدىكى ئۇچىسـىغا ئۇزۇن قارا پـەشمەت كىيگەن دوغىسىغا كۆز ئىشارىتى قىلدى.

دوغا ئۇنىڭغا يالغان تەبەسسۇم بىلەن چوكقۇر تازىم بىجا كەلتۈرگـەندىن كېيىن دىمىقىنى قېقىۋېتىپ:

ــ خالايىق ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، بېگىمىز بـەيگىدە ئۇتۇپ چىققانلارغا ئات تـەقدىم قىلىشنى قارار قىلغان، بىراق يادىكارنىڭ دادىسىنىڭ بويىندا بېگىمىزنىڭ بىر نەچچە ئات بەدىلى قەرزى بولغاچقا ئۇنىڭغا ئات

بېرىلمەيدۇ... ئـۇ ئۇنلـۇك ئاۋاز بىلـەن ئىككى قېتىم جاكالىدى. ئەتراپتىكى يۇرت ئـەھلى بـەگنىڭ تۇترۇ قىسىزلىقىنى قاغـاپ غۇل ـ غۇلا قىلىشقىلى تۇردى.

سائادەت بەگنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىگە قاراپ ئىچى ـ ئىچىدىن نەپرەت ئوقـىدى. شۇ چاغدا دوغىـنىڭ بوغۇق ئاۋازى يـەنە ئاڭلاندى:

ــ يادىكار ئاتا قـەرزلىرى ئـۈچـۈن بېگىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەچۈرۈم سورىسۇن!

يادىكار باينىڭ چىدىماسلىق قىلمىدىغىنىـنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا دوغىنىڭ جاكاسىنى ئاڭلاپ پىسەنتمۇ قىلماي مەسخىرە ئاـرىلاش سوغۇق بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ چاپتۇرغىنىچە كېتىپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئەل ـ يۇرت ئالدىدا ئابرويـى يـەرگـە ئـۇرۇلـۇپ تـولـىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەمەتبەگ بىلەن ئۇنىڭ دوغىسى يادىكار كەتكەن يولغا قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى، شـۇ چاغدا لىتىپ بەگزادە ئەمەتبەگـنىـڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ رۇخسەت قىلسىلا بېگىم، ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قىلغان بىئەدەپلىكى ئۈچـۈن راسا ئەدىپىنى بەرگۈزەي، ـ دېدى. نامەت تۇلكە شـۇ چاغدا يادىكارغا زىيانكـەشلىك قىلىشنى ئـەتراپـتىكىلەرنىڭ لـەۋزىنىگە ئۇچراپ كېتىمىدىغانلىقىنى سېزىپ:

ــ بېگىم، بىر تەنتـەك گادايى ئـۈچـۈن ئۆز سىزنى ئاۋارە قىلغانچىلىك ئىش يوق، ئۇنىڭ ئەدىپىنى كېيىن بەرسەكمۇ كېچىكمەيـمىز ... دەپ بايغا مـەسلىھەت بەردى. باي ئاچچىقىنى تەسلىكتە زورىغا بېسىپ نامەتـنىڭ سۆزىنى خوپ كۆرۈپ بېسىلىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن بـەيگىگە كـەلگـەنلـەر ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىشتى.

ساﺋادەت كېتىۋېتىپ يادىكار كەتكەن يولغا قارايتتى. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن خىيالىدا سانسىز قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشۈشنى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا ئاتىنىڭ قاتتىق كىشنىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. شۇ چاغدا چوڭ كۆل يېنىدىكى سۆگەتلىكتىن يادىكار چىقىپ كەلدى. ئۇ دەل مۇشۇ يەردە ساﺋادەتنى كۈتكەنىدى، ساﺋادەت شەھلا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەندە ئۇنىڭ قولىدا بىر تال قىزىل گۈل تۇراتتى، يادىكار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا ئاتتىن چۈشۈپ تەبەسسۇم بىلەن:

— سىز گۈلگە ئامراقمۇ...؟ — دېدى قىزغا قاراپ. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى قاپلىۋالغان ساﺋادەت بۇ يىگىتنىڭ راستىنلا يادىكار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ، بۇ ئىرادىلىك قىزغىن قاراشلار ئالدىدا ئاستا يەرگە قاراپ قىپ-قىزىل چىنەستەك گۈزەل لەۋلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىمىرلىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان يادىكار ھەققىدىكى شېرىن ھېسلىرىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە، — دېگىنىچە گۈلنى يىگىتنىڭ قولىدىن ئالدى. يادىكار شۇ تاپتا قەلبىنى ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ تۇرغان قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان پاك تۇيغۇلىرىنى قىزغا قايسى يول بىلەن ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي ۋاتقاندەك شېرىن بىر خىيال ئىلكىدە تۇراتتى.

× × ×

يادىكار كىچىكىدىن تارتىپ غۇربەتچىلىك ئىچىدە چوڭ بولغان بولغاچقا تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىدا چېنىققان، خەلقنىڭ قايغۇ-شادلىقىغا ئورتاقلىشالايدىغان بولۇپ يېتىشكەنىدى. ئۇزۇندىن بېرى يادىكارغا يوشۇرۇن نەزەر سېلىپ كېلىۋاتقان ساﺋادەت ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ يارىتىپ قالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ساﺋادەتكە كۆز سېلىپ يۈرگەن نامەت تۈلكە «يادىكار بىلەن ساﺋادەت بىر-بىرىگە پەش تارتىپ يۈرگىدەك، ساﺋادەت يادىكارنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرەرمىش...» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى، ئۇ ساﺋادەتنىڭ باشقا بىرسىنىڭ بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئەمەتبەگنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاڭلىسام ھېلىقى ھۆردىيەتنىڭ سىڭلىسى ساﺋادەتنى يادىكار ئازدۇرۇپ يۈرەرمىش، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھېلىقى كۈنى ئۇ ئۆزلىرىنى ھاقارەتلەپتۇ... بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، مېنىڭچە ئەتىلا ساقچى ئىدارىسىدىكى ئاغىنەمگە پۇل خەجلەپ ئۇنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىپ بىراقلا قۇتۇلايمىكىن دەيمەن، بولمىسا يادىكار دېگەن بۇ يالاڭئۆشتىن بىزگە خاتىرجەملىك كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ بېگىم، — دېدى بەگنىڭ رايىنى بىلمەك بولۇپ. نامەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەمەتبەگ ئۆسكىلەك ساقاللىرىنى سىلاپ بىر ھازا خىيال بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— بۇ بەگىدە بىزنىڭ ئابرويىمىزنى يەرگە ئۇردى، دوغىنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالمىدى، مەن شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ ئەدىتا ئەتمەن قول بولماستىن بەلكى قاپىقى يامان يالاڭئۆش، گەدەنكەش ھارىمى ئىكەنلىكىني

بىلدىم، ئۇ نىڭ ئۇستىگە مېنىڭ قىزىمغا
كەلتۈرگەن خورلىقىمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن...
ئۇ كېيىنى ئاياغلاشتۇرمايلا قىزىنىڭ
يادىكار ئۈچۈن دادىسىغا بۇتناپ بىر نەچـ
چە كۈنگىچە تاماق يېمەي يىغلىغا نلىقىنى
تىلغا ئېلىپ سەپرايى ئۆرلەپ دۇنيادىكى
بارلىق يامان قارغىشلار بىلەن يادىكارنى
تىللاپ قاغاپ كەتتى. ئۇلار ئاخىر تىل بىـ
رىكتۈرۈپ مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى
يادىكار بىلەن بىرلىكتە بىر تۇركۇم «يۇرت
ئىچىدە گەدەنكەش» دەپ قارالغان
ياشلارنى تۇتقۇن قىلىماقچى بولدى، شۇ
ئارقىلىق يادىكارنى يوشۇرۇن سۇئىقەست
بىلەن كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇشتى.

2

ھۆرىيەت باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەن ئۆز زامانىسىغا مۇناسىپ بىلىملىك
ئاياللاردىن بولۇپ تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز
ياشلاردىن ھالقىغان غۇنچە بوي، كۆزلىرى
قارا، لاتاپەتلىك گۈزەل ئىدى، ئۇ جاپا-
كەش خەلقنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارغا
ياردەم قىلاتتى، نۇرغۇن يېتىم-يېسىرلار-
نىڭ بېشىنى سىلايتتى، ئۇ سائادەتنىڭ چوڭ
ئاچىسى ئىدى.

سائادەت ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قال-
غان بولغاچقا ئاچىسى ھۆرىيەتنىڭ كۆڭۈل
قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئەقىللىق
ۋە سەممىي چوڭ بولغانىدى. سائادەت
ھۆرىيەتنىڭ ئازادە ئۆيىدە قوللىرىنى ئىـ
گەكلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ خىيال سۈ-
رگىنىچە دېرىزىدىن باھارنىڭ چىرايلىق
مەنزىرىلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ
بىر نۇقتىغا تىكىلگەن چوڭقۇر خىيالغا
پاتقان بۇلاق كۆزلىرى ھەرقانداق بىر
ئادەمنىڭ ئەقلىدىن ئازدۇراتتى. ئۇنىڭ
تۇرقىنى ئادەم دېگەندىن كۆرە گۈزەل بىر
پارچە سۈرەت دېسە بىر ئاز مۇۋاپىق كې-
لەتتى. ئاچىسى ھۆرىيەت بارا-بارا تو-
لۇپ گۈزەللىشىپ چوڭ بولۇۋاتقان سائادە-
نىڭ كېلىچىكىدىن بىردىنلا ئەندىشە قىلىپ
قالدى، چۈنكى ئۇ ئەمدىلا بويىغا يەتكەن،
ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مەسىلىكىنى
كەلتۈرىدىغان سىڭلىسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش
كۆپ مۈشكۈللەرنى تارتىشىنى،
كېيىن بەختسىز بولۇپ قې-
لىشىنى ئەسلا خالىمايتتى، ھۆرىيەتمۇ
مىڭ تەسلىكتە كۆڭۈلدىكى ئادىمى ئادىل
بىلەن توي قىلدى. ھۆرىيەتنىڭ دادىسى
قۇربان ئاكا ناھايىتى ئىنساپ-ساخاۋەت-
لىك، مال-دۇنيانى ئۆزىگە دوست تۇت-
مايدىغان مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى،
ئۇ ناھايىتى باي ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا
بارىساتى، زېھنى قۇۋۋىتىنى يوقسۇل-
لارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن بىر
مەكتەپ ئېچىشقا بېغىشلىغانىدى، بىراق
ھۆرىيەتنى قولغا چۈشۈرەلمەي ھەسەت
ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەن ئەمەتبەگ-
نىڭ يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن
ئۇۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ھۆرىيەت شۇ-
لارنى ئويلىغىنىدا ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە
ياش كەلدى. شۇڭا ئۇ سىڭلىسى سائادەتنىڭ
بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، كېيىنـ
رەك ھۆرىيەت سائادەت بىلەن يادىكارنىڭ
ئىشىنى ئازراق سېزىپ قالدى، ھەم سۆ-
يۈندى، چۈنكى ھۆرىيەت پۈتۈن ئەل-
جامائەت ھىمايە قىلىدىغان مۇھەببەت-
نەپرەتنى ئېنىق يادىكارنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇ سىڭلىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ كۆڭۈللەر-
نىڭ بىردە بىر ياستۇققا باش قويۇشىنى
نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتى - ھە...؟!

— ئامەت تۆلكە بىر نەچچە قېتىم سائا—
دەتنى دەپ ئەلچى كىرگۈزگەنىدى. ھۆر—
مەت سىڭلىسىنىڭ ئامەتنى ياقتۇرماي—
دىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا سىڭلىسىنى
ئارتۇقچە ئازابلىماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى
سائادەتكە بىلدۈرمەيلا ئامەت تۈلكىنىڭ
ئەلچىلىرىنى «سىڭلىمىنىڭ لايىقى بار...»
دەپ چىرايلىقچە ئۆز يولىغا سالغانىدى...

يادىكار بۈگۈن سائادەتكە بەرگەن ۋە—
دىسى بويىچە ھېلىقى تۈنجى رەت ئۇچ—
راشقان مەجنۇنتاللىق ئاستىدىكى كۆل
بويىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، يىراقتىن
پېشىن نامىزىغا توۋلىغان ئەزاننىڭ
ئاۋازى بىلەن ئارقىدىكى ئاتلارنىڭ تا—
راقلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇ ئار—
قىسىغا بۇرۇلۇشىغا بىر توپ ئاتلىق
ئادەملەر ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا كالتەك — چوماق—
لار بار ئىدى، ئۇلارغا باش بولۇپ كەل—
گەن يوغان باش پاكار بويلۇق قارامتۇل
بىرى يادىكارغا قاراپ:

— توختا بىچارە ئاشىق يىگىت،
ھازىرلا بىز بىلەن بىرگە ھاشارغا ماڭىسەن...
دېدى قولىدىكى تاپانچىنى يادىكارغا تەڭ—
لەپ تۇرۇپ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىگە
سۆزلەۋاتقان پاناق بۇرۇننىڭ بۇرنىدىن
قان كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدىيۇ، يەنە
سائادەتنى ئويلاپ ئىختىيارسىز بۇ
نىيىتىدىن يالتايدى. پاناق بۇرۇننىڭ
ئىشارىتى بىلەن يەتتە — سەككىز باينىڭ
چوماقچىلىرى كېلىپ ئۇنى باغلىدى، گو—
گۇم چۈشكەندە نېرىقى چىغىر يولدىن
ئامەت تۆلكە ئىككى ئادىمى بىلەن ئۇلار—
نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتلىق ئەسكەر باش—
لىقى بىلەن كۆرۈشتى-دە، يادىكارغا قاراپ
مۇغەمبىرانە كۈلدى. شۇ ئەسنادا كىشى—
لەر ئاينىڭ نۇرىدا يىراقتىن قەدەملى—
رىنى ئېغىر ئېلىپ كېلىۋاتقان سائادەتكە
قاراپ ھەيران قېلىشتى. يادىكار ئۇنىڭغا
قايغۇ ئىچىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن
كۈلۈمسىرىدى، سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن
ئۈنسىز ھەسرەت ياشلىرى ئېتىلىپ چىقتى.
يادىكارنىڭ يۈرىكى يەنە مۇجۇلۇشقا باش—
لىدى، ئۇ سائادەتكە قاراپ:

— نېمىشكە يىغلايسىز. بىز يەنە قاي—
تىپ كېلىمىزغۇ... دېدى پەس ئاۋازدا.
شۇ چاغدا ئامەت تۆلكە سائادەتنىڭ
ئالدىغا كېلىپ:

— سائادەت سىزنىڭ مۇشۇنداق بىر
قەلەندەر گادايى ئۈچۈن ياش تۆكۈشىڭىز
ھاجەتسىز... دېدى.

سائادەت نەپرەتلىك كۆزلىرىنى ئۇ—
نىڭغا تىكىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئەسلىدە سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ ئىكەن—
دە،— دېدى-دە، ئامەتنىڭ ئورۇقسوزۇنچاق
يۈزلىرىگە كەلتۈرۈپ بىر تەستەك سالدى.
ئامەت تۆلكە سائادەتنى ئۇرماقچى بول—
ۋىدى، قولى باغلاغلىق يادىكار ئۇنى كەل—
تۈرۈپ پەشۋا بىلەن بىرنى تەپتى، ئەت—
راپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ئالاق — جالاق
بولۇپ كەتتى، يادىكارنىڭ ئامەتنى
تەپكىنىنى كۆرگەن پاناق بۇرۇن چو—
ماقچىلار باشلىقى تاپانچىسىنى چىقىرىپ
يادىكارغا تەڭلىۋىدى، سائادەت يادىكار—
نى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى، ئاچ—
چىقى كېلىپ سائادەتنى ئۇرماقچى بولغان
چوماقچىلار باشلىقى سائادەتنىڭ ئۆزىگە
مىختەك قادالغان بىر جۈپ چولپان كۆز—
لىرىگە قارىغىنىدا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن

قولىرى ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

نامەت سائادەتكە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغان پاناق بۇرۇننىڭ بىلىكىگە نوقۇپ:

— قانداق كۆزىڭىز چۈشۈۋاتامدۇ؟ ...

ھى ... ھى ... قىلىپ ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى قىستى. سائادەت بۇ ئىككىسىگە قارىتىپ «تۇفى!...» دېگىنىچە دەرغەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ يادىكارنىڭ يېنىغا كەلدى. بەگنىڭ غالچىلىرى ھېلىقى پاناق بۇرۇننىڭ «مېڭىش» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن يادىكارنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايۋاتقان سائادەتكە قاراپ:

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن سائادەت، — دېدى يادىكار.

— ماڭما مەن مۇتىھەم! ... دېگىنىچە غالچىلاردىن بىرسى يادىكارنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ كەتتى.

× × ×

مۇشۇكۇنلەردە نامەت تۆلكە ھۆردىيەتنىڭ قورۇسى ئەتراپىدىن زادىلا كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بوز ئېتىنى مىنگىنىچە كۈندە نەچچە رەت مۇشۇ قورۇنى گويا ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلايتتى، ئەمما ئۇ سائادەتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيتتى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق شىۋىرلىدى:

— ئۇ قەيەرگە كەتكەندۇ؟ ھېلىقى كۈنى كۆل بويىدا غەمكىن ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان تۇرقىنى يىراقتىن كۆردۈم، نېمىشكە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمىدىم؟... شۇ كۈنى ئۇ كۆل بويىدىن مېنى كۆرۈپلا غايىپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى كۆل بويىغا كەلگۈچى بولمىدى.

ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ ۋاقىتنىڭ خېلى كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى، ئۇ ئۆزىدىغا بارمايلا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ئادىل ئاكىنى ئۇچرىتىپ قالدى ۋە خوشامەتكۈيلۈق بىلەن سالام بەردى، ئادىلقارى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئۆتۈپكەتكەندى، نامەت تۆلكە يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ:

— ياق، مەن قانداقلىكى بولمىسۇن سائادەتنى مەيلى ياخشىلىقچە، يامانلىقچە بولمىسۇن قولغا چۈشۈرمەي قويمايمەن، يادىكار ئەمدى بۇ يۇرتقا ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇ ئەمدى تۈگەشتى، سائادەتنىڭ ئۇنى كۈتكىنى بىكار... تووۋا قىزلار ھەجەپ ئاخماق كېلىدىكەن جۇمۇ، بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى، پۇتۇن ئۆمرىنى شۇلارغا سەرپ قىلىۋېتىدىكەن... بىزگە ئوخشاش كۈندە يېڭىچە كۆڭۈل ئېچىش ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرمەيدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئاياللار قانائەتچان، سەۋرى تاقەتلىك ئىكەن... دېگەن باش ئاغرىغۇق خىياللارنى سۈرگىنىچە ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى.

× × ×

خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتە تىكىۋاتقان سائادەت ئىختىيارسىز ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۇ چۈشىدە يادىكار بىلەن بىرگە سەيلى قىلدى، كۆرۈشتى، بىپايان كۆك قەھرىدە ئۇچتى...

ئاھ! بۇنىڭدىمۇ شېرىن كۆرۈشۈش بولامدۇ؟... ئۇ مۇشۇ تالاي كېچىلەردىن بىرى كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتى - ھە؟...

سىنتە بىر ئايلىر دىنىڭ باشلىرى، هۆر دىيە ت-
ىنىڭ ئۆيى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادىل ئاكا تە-
بۇرلى يۇرەكنى ئەزگۈچى مۇڭلۇق پەدىگە
ئاستا چېلىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئوماق قى-
زى گۈلسۇم بىلەن ئوغلى مەرداننىلار قورا
ئىچىدە مۇكۇشمەك ئويناۋاتاتتى، ئۆي ئىچى
بالىلار ئۈچۈن تىنچ، خاتىرجەم، ئەمما هۆر د-
يەت ۋە سائادەت هەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە
غەم بار. ئادىل ئاكا بۇ بىر جۈپ ئاچا-سى-
ڭىلنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىمۇ ئۇنىڭ
ئامالى يوق. شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئىشىك-
ىنىڭ يېنىككىنە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى،
گۈلسۇم يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە
ئاددىي كېيىنگەن يىگىرمە سەككىز ياشلار
چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك ئېگىز- ئورۇق
ئايالنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ناتونۇش ئا-
يال هۆر دىيەتخان بىلەن چىرايلىق سالام-
لاشقاندىن كېيىن، سائادەت ئېلىپ كەلگەن
چايدىن بىر ئوتلاپ بولۇپ، ئۇلارغا هاجىتى
چۈشۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بالىسىنىڭ
ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، يولدى-
شىنىڭ ئۆتكەن قېتىم هاشارغا تۇتۇپ كې-
تىلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئاچچىق يىغلاپ كەتتى.

— دېمەسلىككە ئامالىم قانچە ئادىل ئا-
كا، ئىككى كۈن بولدى، بالىلىرىم ئاچ قالغى-
نى ئۈچۈن ئازراق يار دەم قولىنى سوز-
سىكەن دەپ كېلىۋىدىم، هەي بۇ ئەمەتبەگ
دېگەن قانخور هايۋان بالىلىرىمىنىڭ دادى-
سىنى هاشارغا تۇتۇپ كەتمىگەن بولسا بىز-
مۇ بۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدۇق، ئاڭلىشىم-
چە شۇ قېتىم بالىلىرىمىنىڭ دادىسى بىلەن
بىللە هاشارغا تۇتۇپ كەتكەنلەر ئارىسى-
دا يادىكار ئىسىملىك بىر يىگىت بارمىش،
ئۇ يول ئۈستىدە باينىڭ چوماقچى-
لىرىنىڭ تازا ئەدىپىنى بىرىپتىمىش — دې-

دى. ناتونۇش ئايالنىڭ ئاغزىدىن تونۇش
ئادىمىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سائادەتنىڭ
كۆزلىرى نۇرلۇنۇپ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.
شۇئان هۆر دىيەت سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشى-
نىپ:

— ئۆزلىرى شۇ قېتىم هاشارغا ئېلىپ
كەتكەنلەرنىڭ بار يېرىنى بىلەملا؟ — دەپ
سورىدى.

— بىلمەيمەن، ئۇلار شەهەردىكى قاسىم
لويى دېگەننىڭ جاڭزىسىدا ئىمىش... شۇ يەرگە
بېرىپ كېلىشنىمۇ ئويلاۋاتىمەن. هۆر دىيە ت-
خان بۇ بىچارە ئايالغا ئازراق پۇل بەردى،
ئايال تەسىرلەنگىنىدىن كۆز يېشى قىلدى،
ئۇلار خوشلاشتى. ناتونۇش ئايال هۆر دىيە ت-
خاننىڭ قورۇسىدىن خوشلىشىپ چىققاندا
كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئاز-
راق ماڭغاندىن كېيىن پۇلتىيىپ چىققان قۇ
كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ سىنچىلاپ قارى-
دى، شۇ چاغدا يىراقتىن ئۆزىنى كۈتۈپ
تۇرغان بىر ئەركىشىنى كۆردى، بۇ باشقا
بىرسى بولماستىن نامەت تۈلكە ئىدى، ئۇ
ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پاشاخان، ئىشلار قانداقراق...؟ — دەپ
سورىدى ئايالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
پاشاخان نامەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ مە-
نىلىك كۈلۈپ، ئارىدا بولغان گەپسۆزلەر-
نى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى، ئاندىن نا-
مەت تۈلكىگە نەسىهەت قىلغاندەك قىلىپ
سۆزلەپ كەتتى:

— سىز ئۇنى بولاپ ئېلىپ كەتسىڭىز خەلق
ئالەم ئالدىدا سەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە پۈتۈن ئەل-جامائەت هۆر دىيە تخان بى-
لەن ئادىلقارىنىڭ كېپىنى قىلىدۇ، ئۇنى
مەن قولغا چۈشۈرۈپ بەرسەم بولغۇدەك، — دېدي

پاشاخان نامەتكە يېقىن كېلىپ يانا كېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئالدى بىلەن سودىلىشىۋالايلى، ھېلىقى گېپىڭىز راستمۇ نامەتقارى...

— ۋاي، راست بولمامدىغان، بىز دېگەن ئوغۇل بالا... دەسسەپ تۇرغۇدىمىزنىڭ ھەممىسى ئالتۇن جۇمۇ پاشاخان... ھازىرچە مانى ئېلىپ تۇرغىن...

نامەت پاشاخانغا بىر كىيىملىك شايى-ئەتلەس بىلەن بىر مۇنچە كۆمۈش تەڭگىنى بەرگەچ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى...

× × ×

سائادەت ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە يادىكارنىلا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۇ كۈنمۇ يەنە سەھەردىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يادىكار كېلىۋالدىدە، خىياللار بىلەن سىرداشتى.

ھېلىقى پاشاخان ئىسىملىك ئايال ھازىر قەيەردىدۇر. ناۋادا ئۇ يادىكار ھەققىدە بىرەر خۇش-خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئىز-دىرىكىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا — ھە؟... ئۇ خىيال بىلەن بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ قالدى، بىردىنلا ئۆز دىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان سۈپ-سۈزۈك ئاسمان رەڭگى كۆل سۈيىدە يەنە بىر ئايالنىڭ سىماسى ئەكس ئەتتى، ئۇ ئىتتىك يېنىغا قارىدى، دەرۋەقە ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى پاشاخان ئىسىملىك ئايال ئۆزىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— پاشاخان ئاچا، بۇ سىلىمۇ؟... سورىدى سائادەت.

— ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەردە ئۇچرىدىڭىز... كېچىدىن بىر يىگىت يادىكارنىڭ ئىز-دىرىكىنى ئېلىپ كەپتىكەن، ئۇ ھازىر چوڭ باغنىڭ يېنىدا ساقلاپ قالدى...

— نېمە، نېمە دەۋاتىلا؟ مەن قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن!...

— تېزراق ماڭايلى، خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى بىلەن كۆرۈشۈڭ، مەن سىزنى باغنىڭ يېنىغىچە ئۇزۇتۇپ قوياي. پاشاخان سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— تۈنۈگۈن كەچ ئۇ قېچىپ چىقىپتۇ... دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سائادەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە «بىچارە يادىكار!...» دەپ شىۋىرلىدى. ئۇ ئاچچىقىدىن سوراش-سورىماسلىقىنى ئويلاپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا قۇۋ پاشاخان قىزنىڭ نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋالغاندەك:

— چوڭ باغنىڭ ئارقىدىكى يىراق ئەمەس، ھۆرىيەتخان ئىزدەپ بولغىچە سىزمۇ قايتىپ كېلىسىز، بۇ پەيتنى قولدىن بەرمىگىنىڭىز ياخشى، — دېدى. سائادەت باغ تەرەپكە يول ئالدى.

شۇ چاغدا ئارقىدىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىشىغا بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى، سائادەت بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەمەتبەگنىڭ قورۇسىدا ياكى بىر يەرلەردە كۆرگەندەك قىلاتتى-يۇ، ئېسىگە ئالالمايتتى، نامەت تۈلكە يىراقتا تۇرغاچقا سائادەت ئۇنى كۆرمىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن پاشاخاننى، كېيىن سائادەتنى باغلىدى. ئۇلار سائادەتنى باغلاۋاتقاندا نامەت تۈلكە بەرداشلىق بېرەلمەي چەتكە قارىۋالدى. سائادەت قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ ئا-

جىز كېلىپ ئىلاج قىلالىمىدى. ئۇنىڭ يادىـ
كار ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرى بىردەمدىلا
بەـتچەـت بولغانىدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشـلارغا
زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى،

ئۇنى بىر كۈچلۈك قول ئاتنىڭ ئالدىـ
غا مەھكەم بېسىپ تۇراتتى، ئۇ تۇغۇلغانـ
دىن تارتىپ بۇنداق قىيىلىنىپ باقمىغانىدى،
ئۇنىڭ نازۇك كەۋدىسى چىدىغىلى بولـمايـ
دىغان دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى، ئۇ ئـىخـ
تىيارسىز تولغىنـاتتى، ناۋادا قولـى باغـ
لاغلىق بولمىغىنىدا ئۆزىنى قامالىۋالغان
بۇ ئىپلاسنى بىر ئۇسسۇپلا ئاغـزى- بۇرنىنى
قان قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى، ئۇ يول بـويى
قىيىلىنىپ ئاخىرى ئۆزىنى ئويلاپ باقمىغان
يىراق چەت بىر جايغا ئېلىپكېلىندى، ئۇـ
تاغاردىن چىقىپ كۆزىدىكى لاتىنى ئېـلىـ
ۋەتكەن چاغدا ئۆزىنى پاكىز، ئازادە، بېزەلـ
گەن بايىنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىدا كۆردى.
ئەپسۇسكى ئۇ ئۆزى يالغۇز تۇراتتى، يېنىدا
ھېلىقى پاشاخان يوق ئـىدى، ئـۇلار زادى
پاشاخانىنى قەيەرگە قامـاپ قويـغانـدۇ؟...
سائادەتنىڭ بۇ يەرگە نامەت تۇلكە تەرىـ
پىدىن تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئۇنـىڭ ھەـ
دىسىگە كىم خەۋەر قىلىپ قويىدۇ؟... ئانىدىن
بىچارە ھۆرىيەت ئاچام نېمە بولۇپكېتەر؟...
ئاكىسى ئادىلچۇ؟... ئۇلارسائادەتنى تولىمۇ
ياخشىكۆرەتتى، سائادەت ئـۆكـسۈپ يىغـلىـ
ۋەتتى.

× × ×

تاشقىرىدىن كىرىۋاتقان يېنىك ئاياغ
تىۋىشى سائادەتنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى،
ئۇ ئارقىسىغا قارىغانىدى، ئۆيـگە 45 ياشـ
تىن ھالقىـغان چاچلىـرى ئالدىغا ئانداـ
ساندا ئاق سانجىلغان ياشانغان ئايال قوـ
لىدا تاماق كۆتەرگىنىچە كىرىـپ كەلدى،

ئۇ سائادەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇلايىملىـق
بىلەن:

— قىزىم ئازراق تاماق يەۋىـلىـڭ! —
دېدى. ئۇ، موماينىڭ كېپىنى ئاڭلىمىغانـ
دەك دېرىزىدىـن پېتىۋاتقان قۇياشـنىـڭ
ئاخىرقى خۇنۇك نۇرىغا نەزەر سالدى، ئۇـ
نىـڭ ئېسـىگە بىردىنلا ئاچىسى ھۆرىـيەت
كەلگىنىدە ئۇ بىردىنلا بۇقۇلـداپ يىغلىـ
ۋەتتى، خىزمەتـكار ئايال ئاستا سائادەتـ
نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانـ
لىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىماڭ قىزىم، ئانىڭىز يادىڭىـزـ
غا يېتىپ قالدىمۇ نېمە؟... دېدى. سائادەت
ئانىسىنى ئەسلىمەيتتى، ئۇنىڭ ئاتا — ئانا
مېھرىگە قانمىغان دەرتلىك يۈرىكى ئاچىـ
سىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تەسەلـلى تاپقاـ
نىدى، مانا ئەمدى ئاچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ
چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن يات يەرگە كېـلىـپ
قالدى، بىر ئازدىن كېيىن سائادەت ئۆزىگە
جان كىرگەندەك روھلىنىـپ ئايالغا قاراپ:

— ئانا بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىلى بوـ
لارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاق كۆڭۈللۈك بەـ
لەن.

— قىزىم بۇ تولىمۇ قىيىن ئىش، سىزھاـ
زىر قاتمۇـقات ئۆينىڭ ئىچىگە قامالدىڭىز،
پۈتۈن ئەتراپىڭىزدا سىزگە كۆز قۇلاق بولۇـ
ۋاتقان ئـادەم بار، مەن تېخى دەسلـەپ پەتە
سىزنى كۆرۈپ نامەت بەگ قايسى بىر بايـ
نىڭ سايىپجامال ئەتىۋالىق قىزىنى ئېلىپ
كەلگەندۇ؟ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەپسۇسكى
سىزنىـڭ ئېچىـنىشلىـق يىغىڭىزغا قاراپ،
ياشلىقىمدا كۆرگەن قان — ياشلىق كۈنلەرـ
گە سىزمۇ مۇپتىلا بولغانلىقىڭىزنى بىلدىم.

باراـباراكۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى، ساـ
ئادەتنىڭ پا ئۇيقىسي كەلمەيتتي، ئۇنىڭ

پۈتۈن تېنىمنى تىترەك بېسىپ كەتتى، ئۇ ئازابتىن تولغىناتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى گويا قەپەزدىكى قۇشتەك، يورۇقلۇققا — ئۆزىنىڭ تىنچ يورۇق ئۇۋىسىغا تەلپۈنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا يورۇقلۇق يوق. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشى، نېمىگە ئۈمىد باغلىشى كېرەك؟... بۇ بۈلتۈزسىز قاراڭغۇ كېچىدە ئۇ يەنە قانچىلىغان قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرەر... ئۇ ئاستا نالە قىلىشقا باشلىدى...

— ئاھ... قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ خۇدا، مەن سېنىڭ نامىڭغا يات بىر ئىش قىلمىغان تۇرسام، ماڭا نېمىشقا مۇشۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىسەن؟... مېنى نېمىشقا مۇشۇ بۇرۇختۇم دوۋزاققا تاشلايسەن؟... بايلار قاچان يوقىلىدۇ؟... بۇ رەھىمسىز تۇرمۇشتىكى، تەڭسىزلىك، ياۋۇزلۇق، بۇلاڭچىلىق قاچانمۇ تۈگەيدۇ؟...

ئاھ! خۇدا، ئەمدى ھۆرىيەت ئاچام قانداق قىلىدۇ... ئۇ تۈگىشىپ كەتمەمدۇ؟...

ماڭا ئوخشاش بەختسىز يېتىملارنىڭ نالىسىغا قۇلاق سالغىن...

× × ×

ئەمەتبەگ ئايىلى بىلەن قىزىنى ئىچكىرى ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ئۆيدە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى بۈگۈندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى...

— ئۇ ھۆرىيەتكە ئوخشىمىدىغاندۇ؟...

ئۇ كاساپەتنى كىچىكىدىلا بىر كۆرگەنىدىم، ھازىر كۆرمىگىلى تۇپ-توغرا يەتتە - سەككىز يىل بولدى، ئۇ ھازىر تازا ھۆسنىگە تولغاندۇ، ئۇنى بىر كۆرسەم بوپتىكەن، ئۇنىڭغا تېخى ماۋۇ نامەت دېگەن ھارامزادە ئاشىقمەن دەيدۇ، ياشلىقىمدا ئاچىسى ھۆرىيەتنى ئالالمىدىم، ئارزۇيۇمغىمۇ يېتەلمىدىم، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى كىچىك ئاغىچىلىققا ئالسام، قېنى كىم قارشى تۇرىدىكەن؟... 50 ياشتىن ھالقىغىنىم بىلەن كۈچلۈك قاۋۇل ئادەممەن، مۇشۇنچىۋالا بايلىقىم بىلەن ئۇنى ئۆزەمگە رام قىلالىسام ئەجەپ ئەمەس، تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئەمەتبەگ ئىشىكنىڭ بېشىنى كۆتەردى، ئۇنىڭ ئالدىدا نامەت تۈلكە تۇراتتى. نامەت بىلەن ئەمەتبەگ بىر - بىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالاشقىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى، نامەت ئەمەتبەگنىڭ يېقىن ياردەمچىسى ئىدى، ئۇ ئەمەتبەگنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ كېلەتتى، ئۇ قۇۋ، ئىككى يۈزلىمە، قاتىل - سوقتىلىقتا ئۇستا، رەھىم - شەپقەتتىن كەم، ھاۋايى - ھەۋەسى كۈچلۈك، ھايۋان سۈپەت بىر مەخلۇق بولۇپ، بۇ جەھەتتە خوجايىنى ئەمەتبەگدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئەنە شۇنداق بىر تۇغۇچ تەبىئەتلىك مىجەزى بىلەن ئەمەتبەگكە بەك ياراتتى، ئۇ ئابروي ۋە مەنسەپتە ئەمەتبەگدىن تۆۋەن تۇرسىمۇ بايلىق توپلىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان، ئىش بىلەرمەنلىكتىمۇ ئەمەتبەگدىن قېلىشمايتتى، مۇشۇ ۋەجىدىنمۇ ئەمەتبەگ نامەتكە قىزىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ قىزى گۈلبەھرەم نامەتكە ئۆلگىدەك ئۆچ ئىدى. لېكىن ئەمەتبەگ بۇ تەرىپىنى ئويلىمايتتى. كېيىن ئۇ نامەتنىڭ سائادەتنى ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ نامەتكە قاراپ:

ــ ھە، ناھەتبەگ ئىشلىرىڭ قانداقـ
راق ؟ ــ دەپ سورىدى كۈلۈپ.

ــ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىۋاتىدـ
مەن، مەھەللە ئىچى تىنچ، خۇداغا شۈكرى،
ئىشلار جايىدا كېتىپ بارىدۇ، ھى... ھى...

ــ ھېلىقى قىزچاقنى بىز ئورۇنلاشتۇرـ
غان ئۆيگە ئېلىپ كەلدىڭلىمۇ؟...

ــ شۇنداق، ئۇنىڭغا ھېلىقى سارىخان
قاراۋاتىدۇ.

ــ ئۇنىڭغا ئوبدان قارىسۇن، شائادەتـ
نى بىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنىمىزنى ھېچكىم
بىلمىسۇن، ئەگەر ئادىلاخۇن بىلەن ھۆرىـ
يەت بىلىپ قالسا ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ.
ئۇ ئەنسىرىگەندەك ناھەتكە قارىدى.

ــ بولىدۇ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، بۇ
ئىشقا مەن كېپىل بولاي... ناھەت ئىشەنچ
بىلەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئەمەتـ
بەگ سەل خاتىرجەم بولدى.

ناھەت تۈلكە ئەمەتبەگ بىلەن خوشلىشىپ، سائادەت سولاپ قويۇلغان ئۆي تەرەپكە ماڭدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆزلىرىدىن ياش قۇرىمىغان سائادەت سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشىدىن چۆچۈپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى، شۇ ئەسنادا ئۆيگە ناھەت تۈلكە ھېجايغىنىچە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئورۇق، يوغان يۈزلىرى، ھېلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سائادەتنى تېخىمۇ يىرگەندۈرۈۋەتتى.

ناھەت تۈلكە:

ــ خاپا بولماڭ، ئادەملىرىمىزنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ... دېگىنىچە سائادەتكە «مېھـ
رىبانلىق» قىلغان بولدى.

ــ ناھەت، سەن مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ نېمە قىلماقچى...مېنى قويۇۋەت!... سائادەت ناھەتكە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

× × ×

ئۇ سائادەتكە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

ــ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق سائادەت، كۆڭۈل باغلىرىم سىزگە ئوخشاش سەھرا بۇلبۇللىرىنى خالاپ قاپتۇ، ئامالىم قانچە؟... بىلەمسىز؟ ئەگەر مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلسىڭىزلا سىزنى مال ــ دۇنيا بىلەن كۆمىۋېتىشكە، سىزنى مۇشۇ قەسىرنىڭ گۈلى سۈپىتىدە بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرۈشكە رازىمەن...

ــ ئىپلاس، ساڭا ئۆلۈگۈمۇ تەگمەس! مېنى قويۇۋەت! بۇ يەر ماڭا لايىق ئەمەس!

ــ ئوھوي كىچىك بولغىنىڭىز بىلە چوڭلاردەك سۆزلەيدىكەنسىز تېخى!... لېكىن مۇشۇنداق جاھىللىقىڭىز بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز... ئەگەر سۆزۈمگە قوشۇلسىڭىزلا، ئاچىڭىز ۋە ئاكىڭىز بىلەن مۇكۆرۈشەلەيسىز... خوتۇن كىشى جاھىلـ
لىق قىلسا ئۆزى بىقىغە ئولتۇرىدۇ خالاس! قېنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، ئەتىكى كۈندىن كېيىن جاۋاب ئالغىلى كېلىمەن!... سائادەت ئۆزىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان ناھەتكە نەپرەت بىلەن بىرنى تۈكۈردى. ناھەت چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن سارىخان ئانا قولىدا تاماق كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى، ئۇ سائادەتنىڭ كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشنى كۆرۈپ:

ــ نېمە بولدىڭىز قىزىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، قولۇمدىن كەلسە سىزنى بۇ يەردىن قاچۇرۇۋەتسەم ياخشى بولاتتى. بىراق ئامالىم يوق... دېدى.

— ئانا... جېنىم ئانا ەەن... مەن سائادەت كېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يەنە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

× × ×

سائادەتنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن مەھەللىگە تارقاپ كەتتى، سائادەت ئۈچۈن ئازابلانغان، ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، سائادەت ئۈچۈن جېنىنى تىككىپ قويغان قاۋۇل يىگىتلەر ھاشارغا تۇتۇپ كېتىلدى. بۇ بىر ئاي ھۆردىيەتلەر ئائىلىسى ئۈچۈن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئېلىپ كەلدى.

نامەت ئۆز قىلمىقىنىڭ ئەل - جامائەتكە پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئىزتىراپ ئىچىدە قالدى. ئۇ بۇكۈنچىراققا ئوتياقان مەزگىلدە ئەمەتبەگنىڭكىگە كەلدى.

بەگ نامەتنى كۆرۈپ:

— قانداق نامەتقارى كەچتە كېلىپ قاپتىمىز؟... دېدى.

— شۇنداق مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا كېلىۋىدىم.

— ھە قېنى، نېمە گەپ؟... ئەمەتبەگ نامەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى.

— ئەگەر سائادەتكە ئۆيلەنسەم سىلە بۇنىڭغا قانداق قارايلىكىن؟... ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزىگە تەمەننا قويغان تەلەپپۇزدا ئېيتتى...

ئەمەتبەگ گويا بۇ سۆزنى نامەتنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ چاندۇرماستىن:

— بولىدۇ، بۇنى ناھايىتى ئاقىلانە ئويلاپسىز نامەتقارى، مەنمۇ سىزنى مۇشۇنداق تەربىيە كۆرگەن ياخشى قىز بىلەن توي قىلسا دەپ ئويلايتتىم. ئىش ئوقتاسىغا كېلىپ قالسا مەن سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى ئۆز قولۇم بىلەن قىلىپ قويىمەن، - ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يەنە نامەتكە قارىدى.

نامەت تۈلكە ئەمەتبەگنىڭ كېيىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى- دە، بەگكە «ھەشقاللا» ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمەتبەگ ئۇنىڭ نىيىتىدىن قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈشتى. ئاتايىن بېرىپ، سائادەتنى كۆرۈپ كەلدى. بۇ كۆرۈشۈشتە سائادەت بەگكە ياخشى ئىلتىپات كۆرسەتمىگەن بەگنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ لېكىن، ئاچكۆز شەھۋەتپەرەس بەگنىڭ قىزغا خېلىلا ئىشقى چۈشۈپ قالدى. شۇڭا ئارىدا تىكەن بولۇپ ئۆتمەكچى بولغان نامەتنى كۆزدىن يوقىتىشتەك يېڭى شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ، ئۆزىچە زەھەرلىك كۈلۈپ:

— ھەي نامەت، سېنىڭ چىرايلىق قىزنى ئېلىش خىيالىڭ يەنە بىر ئىككى ھەپتىلا ئۆمۈر كۆرىدىغان بولدى، بىچارە، - دېگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. كەچلىك تاماقنى تازا ئىشتىھا بىلەن يېگەندىن كېيىن يەنە خىيالغا پاتتى، سائادەتنىڭ گۈزەل، ئويا تچان سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گويا چۆچەكلەردىكى پەرىشتىدەك نامايەن بولدى. بىراق ئۇ قىزنىڭ نەپرەت ئۇچقۇنى يېغىپ تۇرغان يېقىملىق گۈزەل بۇلاق كۆزلىرىنى، ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان شۇ مەغرۇر سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئۇنىڭ بەدىنى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭچە پۈتۈن بىر يېزا، بىر مەھەللە بەشيۈز ئۆيلۈك دېھقانلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتقان

ئەمەتبەگدەك بىر يۇرت ئاقساقىلى، شۇ بىر ئاجىز ناتىۋان سەھرا قىزىنى كەيپكە كىرگۈزەلمەمدۇ؟... ياخشىلىقچە كەيپىگە ئۇنىمىسا، مەجبۇر دې ئۇنايدۇ... قېنى ئۇنىڭ باش ئەگمىگىنىنى ئەمەتبەگ بىر كۆرۈپ باقسۇنچۇ؟ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەتبەگ خىزمەتكارىغا ھېكىمنى چاقىرتقۇزدى.

ھېكىم ئەمەتبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىپايىلىق بىلەن تۇرۇپ:

— خوش بېگىم قانداق بۇيرۇقلىرى باركىن مەن تەييار... دېدى.

— ھېكىم ئەتە يۇنۇس ئىككىڭلار ناماتكە يار دەملىشىپ شەھەرگە بارىسىلەر... سىلەر ئورۇندايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار، سىلەر شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ كەلسەڭلار سىلەرگە چوڭ ئىنئام بېرىمەن... ئۇقتۇڭمۇ؟...

— تاپشۇرۇقلىرىنى جان دەپ ئورۇندايمەن بېگىم...

ئەمەتبەگ ئەتراپقا قاراپ ئۆتۈپ ھېكىمنى يېنىغا چاقىردى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئەمەتبەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھېكىمنىڭ چىرايىدا دەسلەپتە قاتتىق ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى، كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئالتۇننىڭ كېپىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ بېشىنى ئارقا - ئارقىدىن لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئەمەتبەگنىڭ يېنىدىن خاتىرجەم چىقىپ كەتتى، ئەمەتبەگ يەنە خىيالغا پاتتى، ئۇ ئويلاپ ئاخىرى ناماتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سائادەتنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى، ئۇ شۇ توي كۈنىنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

× × ×

يېرىم كېچە، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئونبەشكۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ شولىسى سائادەتنىڭ غەمكىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلىۋاتقان مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ يېنىك ئۇھ تارتىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر دەم ھۆرىيەت، ئاكىسى ئادىل، بىر دەم يادىكار گەۋدىلىنەتتى، ئۇ مۇشۇ قەدىرلىك چىرايلارنى بىرمۇ - بىر ئەسلەش ئارقىلىق ئازابلانغان يۈرىكىنى تىنچلاندۇرماقچى بولسىمۇ، ئازابتىن قۇتۇلالمايتتى، سائادەت ئەشۇنداق خىياللار بىلەن ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي چۈش كۆردى... چۈشىدە كۆزىگە يادىكار كۆرۈندى... ئەنە ئ يىراق دالىدا ئاتتا لەرزان ئۇچۇپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتىدۇ... ئەنە ئۇ قولىدىكى گۈلنى سائادەتكە بېرىدى... شۇئان تۇيۇقسىز بىر قارا قۇيۇن پەيدا بولدى - دە، يادىكارنى گۈل بىلەن، ئات - پېتى بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرۇپ كەتتى...

— يادىكار... يادىكار؟... سىز قېنى يادىكار!!!...

ئۇ چۈشىدە توۋلاپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى نېرىدا ئۇخلاۋاتقان سارىخان ئانىنىمۇ ئويغىتىۋەتتى، سارىخان ئانا ئۈستىمەك سائادەتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟... يادىكار... يادىكار دەپ توۋلاپ ياتىدىڭ... كىم ئۇ يادىكار دېگەن؟... بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ يۈرىكىم بىردىنلا ئېچىشىپ كەتتى... دېدى.

سا ئا دەت سـار ىخان ئـا ىنىڭ سـۆز لا ر ىنى
ئا ڭلاپ بېشىنى كۆ تەر دى، كۆز لىر ىنى يوغا ن
ئېچىپ ئەترا پقا ئۇ مىد بىلەن تەلمۈر دى...
بىر ھـازادىن كـېيىـن ئـېسىگـە كـېلىپ
بۇ قۇ لداپ يىغلىۋە تتى.

سار ىخان ئانىنىڭ ھېچ نـېمىسى بولمـ
غاچقا سا ئا دەتنى ئـۆز قـىز ىدە كلا يـاخشى
كۆر ۇپ قا لغانىدى، ئۇ سا ئا دە تنىڭ يېشىنى
سۈر تۈپ تۇر ۇپ:

ـــ قىز ىم يىغلىما . بۇ يەر گە كـە لگەن
يېر ىم يىلد ىن بىرى كۆز ۈگدىن يـاش چىقـ
مىغان بىر مۇ كۈن يوق، يە تۇز ۇككىنە تاـ
ماق يىمە يسە ن... ئـە گەر قولۇ مد ىن كە لسە
ئۆ مر ۈ مىنىڭ ئاخىر ىدا ساڭا بـىر ياخشىلىق
قىلسام دە يمە ن . سېنى مۇشۇ لە نىتى دوۋزا قـ
ىن قاچۇرۋە تسەم، كۆرۈ مد ىمۇ خـا تىرجەم
يا تتىم . قىز ىم .

ـــ ئە مە تيە گىنىڭ نـېـيىتى يـاما ندەك
قىلىدۇ... ئا يال سۆز ىنىڭ ئـاخىر ىنى ئېيـ
تا لماي ئۇلۇغ كىچىك تىندى.

ـــ ئا نا ماڭا يا ردەم قـىلىپ مـېنى بۇ
يە ر دىن قاچۇر ۋېتىڭ، يا دىكا ر نى كۆر گىلى
مېڭىپ، پاشا دېگە ن جا ىگە ر گە يولۇ قۇپ،
نا مەت تۈلكىنىڭ توز ىقىغا چۈشۈپ قا لد ىم...

ـــ قىز ىم يـا دىكار دېگە ن كـىم؟... ئۇ
سىز نىڭ نېمىڭىز بـو لىدۇ؟... سـا ئا دە تنىڭ
ئا پئاق يۈز لىرى شە لپە ر دەك قىز ار دى...

ـــ بـو لدى، قـىينا لما ڭ . ئـا نىڭىز دەك
ئا دە مد ىنمۇ تا ر تىنا مسىز... ئـۇ سىز نىـڭ
لا يىقىڭىز ئىكە ندە...

سا ئا دەت ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ ئۇ ھا ز ىر قە يە ر دە؟...

ـــ ھا شا ر غا تۇ تۇپ كېتىشتى...

مېنىڭ ئوغلۇم يا دىكار ئۆلۈپ كە تمە
گەن بو لسا بۇ يىل يىگىر مە ئۈچكە كىر گە ن

بولا تتى... سا ر ىخان ئا نا بىر دىنلا كۆز يېـ
شى قىلدى... بىر ئازد ىن كـېيىن سـۆز ىنى
داۋام قىلدى.

ـــ ئا ڭلىسام ئـا دا لەت ئـۈچۈن قوزغا لـ
غان بىز تو پ ئەز ىمە تلەر تە لە مەت تېغىغا
جەم بـو پتىمىش. ئـۇلار مـۇشتۇمزور لار نى
يو قىتىپ، بىز نى يور ۇق كۈنلەر گە ئېر ىشـ
تۈر ەر مىش، خۇدا يىم. بـۇ قوشۇن تـېز راق
بىز تە ر ە پكە كە لسە ئىدى.

ـــ را ستىما ئا نا... خىز مە تكار ئا يا لنىڭ
سۆز ىنى ئا ڭلىغا ن سـا ئا دە تنىڭ چـىر ا يىغا
بىر دىنلا خۇشا للىق ئالا مىتى پە يدا بولدى.
بۇلا قتەك كۆز لىر ىد ىن ئۈ مىد ئۇچقۇنى چا قـ
نىدى. ئۇ ھـا ياجان ئـىلكىدە مـو ما يىنىڭ
قولىنى تۇ تتى.

ـــ مەن ئۇۋچى مـە مە تتىن ئـا ڭلىد ىم،
ئۇ ئا دە تتە يا لغان گەپ قىلما يدۇ... قۇلاق
مـو للىسى نـېمە، ئـۇنىڭ ئـار زۇيىمۇ شـۇ
ئىدى قىز ىم.

ـــ ئا نا سىز نىڭ ئوغلىڭىز نـېمە بولۇپ
ئۆلۈپ كە تتى، ئۇ قـا نچە يـاشتا ئىدى؟...
مـو ماي، ئـوغلـى ھـە ققىـدە ئـۇ ندىمەي،
باشقا گە پلە ر نى قىلدى.

ـــ با لا مىنىڭ دادىسىنى بـۇ نىڭد ىن يىـ
گىر مە تۆت يىل ئىلگىرى ھـاشار غا تۇ تۇپ
كە تكە نتى، تا مۇشۇ كۈنگىچە ئىز ـ د ېر ىكى
يو لمىدى. مەن ئۇنى تو پ ـ توغرا يىگىر ـ
مە تۆت يىل كۈ تتۈم... ھىجر ان ئا زا بى مې ـ
نى مۇشۇ ندا ق تۈگە شتۈر ۋە تتى، مەن ھا ز ىر
ھا لىمد ىن كە تتىم... قىز ىم...

ـــ ئـا نـا سـىز شـۇ چـاغد ىمۇ مـۇشۇ
چاڭز ىد ىمىد ىڭىز؟...

ـــ ياق قـىز ىم، ئۇ چـا غدا شـا ما لباغ
يېز ىسىد ىكى بىر بـا يىنىڭ قـور ۇسىدا يىلـ
لىقچى بولۇپ ئىشلە يتتىم... ئۇ يە ر دە با تۇر

ئىسسىلىك بىر مالچى يىگىت بار ئىدى، ئۇ ماڭا تولىمۇ خەيرىخالىق قىلاتتى. ھېچكىمنىڭ بوزەك قىلىنىشىغا يول قويمايتتى، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانتۇق، باتۇر دائىم دېگۈدەك چۈشلىكى ئۆيگە قايتىپ كىلەلمەيتتى، مەن بايدىن يوشۇرۇن ئۇنىڭغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتىم، ئىككىمىز بىرلىكتە قىزغىن پاراڭلىشاتتۇق، ھەر ئىككىمىز ئىگە - چاقىسىز يېتىملار ئىدۇق. باينىڭ ماڭا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئېچىرقاپ كەتكەن كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدىم. بىر كۈنى كەچلىكى باي مېنى پىنھان ئىشىك تۈۋىدە تۇتىۋالدى - دە،

— سارەم، ساڭا بىر تەلىپىم بار، ماقۇل بولساڭلا، سېنى ئېغىر ئىشقا سالمايمەن، ئىش ھەققىڭنى ئۆستۈرىمەن، قانداق؟... دېدى - دە، قولۇمنى كاپ قىلىپ تۇتىۋالدى...

— ياق، جانابىلىرىنىڭ پۇلى ماڭا كېرەك ئەمەس، مېنى قويۇۋەتسىلە، - دېيەلىدىم ئۇنىڭ قولىدىن قولۇمنى تارتىپ. شۇ چاغدا باي ئارقىسىدىن كەلگەن بىر مۇشتنىڭ زەربىسىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— باتۇر!... مەن شۇ مىنۇتتا باتۇردىن ئىبارەت ھېمايىچىمنىڭ يېنىمغا كېلىۋالدىم، ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ تاشقانىدى، ئۇ بايغا قاراپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن سارەمنىڭ يولىنى توسىدىغان بولساڭ، ساڭا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم... دېدى باتۇر ئاچچىقى بىلەن.

— ھە ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە... يېتىم ئوغلاقنىڭ كېپىنىڭ چوڭلۇقىنى تېخى، - دېگىنىچە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى باي.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇرسۇن باي يوقۇلاڭ بىر ئىشقا باھانە قىلىپ باتۇرنى ئېغىر تاياق ئاستىغا ئالدى، ئاندىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ باتۇرنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى، مەنمۇ كېتىشنى ئىلتىماس قىلسام قويۇپ بەرمىدى ھەم بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا ئوچۇق ئاشكارە قارشى چىقتى. ئاخىر باتۇر ئىككىمىز بۇ جايدىن قېچىپكەتتۇق. بىز ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرى شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر قۇمۇشلۇققا يېتىپ كەلدۇق، بىز شۇ كۈنى قۇمۇشلۇقتا تۇزغا نان چېلاپ نىكاھ ئوقۇپ توي قىلدۇق، شۇ كېچە مەن باتۇرنىڭ قۇچىقىدا شۇ قەدەر لەززەتلىنىپ ئۇخلىغانلىقىمنى شۇ كۈندىكى چەكسىز بەختلىك بىر كېچىنى تا ھازىرغىچە ھوزۇرلۇنۇپ ئەسلەيمەن، چۈنكى بىز شۇ كۈنى پۈتۈنلەي ئەركىنلىككە چىققان ئىدۇق. ئۈستىمىزدە بىزگە كۆلۈپ قاراۋاتقان چىرايلىق تولۇن ئاي ئاستىمىزدا گويا يېشىل پاياندازدەك ئوتلاق بىزگە ھەمرا بولغانىدى، مەن شۇ كېچە يېشىل ئوتلاقنى شاھىنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىدىكى سېلىنچىدىن، كۆك ئاسماننى ئېسىل يېپىنچىدىن، ئۇنىڭ تىزىنى ماموق ياستۇقتىن ئەلا ھېس قىلغانلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن. ئۆتمۈشتە، بىزگە ئوخشاش بىر - بىرىنى ھەققى ياخشى كۆرگەنلەر قاچانمۇ مۇرادىغا يەتكەن دەيسىز... قىزىم... ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ يېنىمىزدىكى يىغقان ئازراق پۇلىمىزمۇ تۈگىدى، بىز ئاخىرى ئىش ئىزدەپ نۇرغۇن جايلارغا باردۇق. «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك قايسى يەرگە بارساق بىزگە جاھان تار تۇيۇلدى، قايسى باينىڭ ئىشىكىگە بارساق بىزگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ «ئىش يوق!» دەيتتى. بەزىلىرى تەپ

تارتماي: «ماۋۇ چىرايلىق قىزچاققا ئىش
بار، ئەر خەققە ئىش يوق » دەيتتى، با-
تۇرنى ھەيدىۋەتمەكچى بولاتتى. مەن شۇ
كۈنلەردە باتۇردىن ئايرىلسام بۇ دۇنيادا
ياشالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، بىز ئا-
خىرى شەھەردىكى بىر باينىڭ ئۆيىدە بىلـ-
لە ئىشلىدۇق، بىز توي قىلىپ بىر يىلغىچە
تۈزۈكرەك ئۆيىمىز بولمىدى، بۇ خور-
لۇقنى دېمەمسىز، ئۈچ - تۆت كۈندە ئاران
بىر قېتىم كۆرۈشەلەيتتۇق، ئىش ئېغىر، تا-
ماق ئاز، مەن ھالىمدىن كېتەي دەپ قال-
غان بولساممۇ ئەمما باتۇر ئۈچۈن ھەممى-
گە چىداشقا رازى ئىدىم. شۇ كۈنلەردە قى-
يىنچىلىقتا باتۇردىن بويۇمدا قاپتۇ، باتۇر
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا قىن- قى-
نىغا پاتماي قالدى، ئۇ كۆپ ھاللاردا ئىك-
كى كىشىلىك ئەمگەك قىلاتتى، بىز كېچىلى-
رى خوجايىنىمىزدىن يوشۇرۇن كۆرۈشەت-
تۇق، مەن ئۇنىڭ ئېغىر ئەمگەك زەربىدىن
قاپارغان قوللىرىغا سۆيۈپ ئۇنىڭ ھاردۇ-
غىنى چىقىراتتىم، بىر كۈنى ئۇ ماڭا:

— سارەم مېنىڭ بىر پەرزەنت كۆرۈش
ئارزۇيۇم بار ئىدى، ھازىر مېنىڭ قانچى-
لىك خۇشال ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟... دېدى.

— بىراق، ئىككىمىز قورسىقىمىزنى تو-
زۇك باقالمايۋاتساق دېدىم مەن كۆزلى-
رىمگە ياش ئېلىپ.

— جېنىم كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ كۈن-
لەرمۇ ئۇزاققا بارماس، ئاللا ئىگەم ھەم-
مە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان يېڭى بىر
دۇنيانى بىز ئۈچۈن يارىتىپ قالار، شۇ چاغدا ئۇ
بۇ دۇنيادا مەڭگۈ بەختىيار ياشاش ئۈچۈن
ئۇنىڭ ئىسمىنى يادىكار قويايلى... ئۇ ئۆ-
مىدلىك ئادەم بولىدۇ دېگەنىدى، بىراق

مېنىڭ ئاي كۈنۈم يېقىنلىشىپ قالغان بىر
كۈنى تۇيۇقسىزلا ئۇلار باتۇرنى ھاشارغا
تۇتۇپ كېتىشتى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن نەچ-
چە قېتىم ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن، بەزىدە
تۇتقان-قويغىنىمنى بىلمەي قالغان چاغلى-
رىم كۆپ بولدى. يالغۇزلۇقتا كۆزۈمنىڭ
يېشى قۇرىماي ئۆتكەن شۇ كۈنلەر ھەجەپ
تەستە توشقاندى، باتۇرنى ھاشارغا تۇتۇپ
كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن مەن بوشاندىم،
كەمبەغەل - كەمبەغەلنىڭ قايشى دەپ بىر كە
يىللىق ئىشلەيدىغان چاكارلار مېنىڭ ھا-
لىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، مەن ئوغلۇمغا
«يادىكار» دەپ ئىسىم قويدۇم، ۋاقتىنىڭ
ئۆزىشى بىلەن ئوغلۇمنىڭ قارا كۆزلى-
رىدىن دادىسىنىڭ كۆز نۇرىنى، ئۇنىڭ بە-
زىدە قوشۇمىسىنى تۈرۈشلىرىدىن دادىسىنىڭ
كەڭ پېشانىلىك، قوشۇما قاشلىق بەستىنى
كۆردۈم، قىسقىسى مەن ئوغلۇمدىن دادىسى-
نىڭ ھىدىنى تاپتىم، مەن جىمجىتلىق ئىچى-
دە ئولتۇرۇپ باتۇرغا ئامانلىق، ئوغلۇمغا
سالامەتلىك تىلەيدىغان بولۇم، بىراق مەن
بىر تەرەپتىن بالىغا قاراپ يەنە بىر تە-
رەپتىن خوجايىنىمنىڭ ئۆي ئىشى بىلەن
بولغاچقا باي مېنى چاڭزىدىن ھەيدىۋەت-
تى. باينىڭ ئايىلى ئاق كۆڭۈل ئايال ئى-
دى، مەن ماڭىدىغان كۈنى قولۇمغا ئاز-
راق پۇل بېرىپ «قىينىلىپ قالساڭ كەلگىن»
دېدى. شۇ چاغدا يادىكار ئىككى ياشتىن سەل
ھالقىغانىدى، پۇلىمىز تۈگىگەندىن كېيىن
كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈردۇق، ئاخىر
يەنە كوچىلارغا قايتىپ كېلىپ مۇشۇ بىر
بەگنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىدىم.
مۇشۇ قورۇدا يادىكارنى يىغلا - قاخشا
يەتتە ياشقا كىرگۈزدۈم، ئۇلار يادىكارنى

مال باققىلى قويغانىدى، بالام سىرتقا چىق-
قىپ كەتسىلا كۆزۈم ئىشىكتە قالاتتى، بەختـ-
كە قارشى يادىكار يەتتە ياشتىن سەل ھال-
قىغاندا ئۇ مال بېقىشقا چىقىپ تۇيۇقسىز قاتـ-
تىق بوراندا قاپتۇ، ئۇ دائىم تاغ باغرىدا
قوي باقاتتى، ئۇ بوراندا يۇتـۇپ كەتكەن
ئىككى قوينى تاپالماي كېچىدە بۆرىگە يو-
لۇقۇپ قاپتۇ... سارىخان ئانا سۆزلەپ شۇ
يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىدىن مـۇنچاقتەك
ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— كېيىن قانداق بولدى؟... ساﺋادەت
ئاخىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن يادىكارنىڭ ئىز-
دىرىكى بولمىدى، مەن ئۇنى بىر نەچچە يىل
ئىزدىدىم، كېيىن مەن ئۇنىڭ راستىنلا ئۆ-
لۈپ كەتكىنىنى بىلدىم، خوجايىن بالامنىڭ
ئۆلۈپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالماي، يوقالغان
ئىككى قويى ئۈچۈن مېنى بىر مۇنچە تىل-
ئاھانەت ئاستىغا ئالدى ۋە ئۆيىدىن ھەيـ-
دىۋەتتى. مەن ئۇزۇن ۋاقىت چىدىغۇسىز
ھىجران ئازابىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ
كېيىن مۇشۇ ئەمەتبەگنىڭ چاكىرىغا كې-
لىپ ئىشلىدىم. لېكىن تامۇشۇ كۈنگىچە يۈ-
رىكىمنى ئېلىپ كەتكەن ئىككى كۆز قارچۇ-
غۇمنى تاپالمىدىم. مەن يادىكار يۈرەك
پارىمىدىن ئايرىلغىلى توپ - توغرا 15 يىل
بولدى، باتۇرنى كۆتكىلىمۇ 24 يىل
بوپتۇ، يېقىندىن بۇيان ئاڭلىسام تاغ ئار-
قىسىدىن كەلگەن بىزنى تونۇيدىغانلار با-
تۇرنى ئىلخودىكى بىر قوشۇننىڭ كىچىك
كاتىۋېشى ئىمىش، ئۇ تـەلـەمەتكە قـوشۇن
باشلاپ كېلىۋاتقانىمىش دەيدۇ، مەن ئۆز قۇ-
لىقىمغا ئۆزەم ئىشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن،
بۇنىڭ قايسى راست، قايسى يالغان خۇدا

ئۆزى بىلىدۇ. راست بولسا تېخى باتۇرمۇ
مېنى ئىزدىگەندىمۇ، بىراق مەن ئۇنى شۇن-
چە ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئۈمىد بىلەن كۈ-
تۈپ كېلىۋاتىمەن.

شۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساﺋادەت ئۆكسۈپ
يىغلىۋەتتى، ئۇ خۇددى يادىكارمۇ ھاشاردىن
ئۆمۈر بويى قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك
تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ئانا ناۋادا ئوغلىڭىز يادىكار ھا-
يات بولسىچۇ؟...

— ئاھ! قىزىم سىز نېمە دەۋاتىسىدىغانـ-
سىز، ئەگەر ئۇ ھايات بولسا ئۇنى بىر كۆر-
سەم ئارمىنىم يوقتى، — سارىخان ئاناشۇلار-
نى دېگىنىچە ساﺋادەتنى چوڭـقۇر ئـانىلىق
مېھرى بىلەن باغرىغا باستى، شۇ ئەسنـادا
تاشقىرىدىن بىرى سارىخان ئانىنى چاقىردى.

— بىچارە قىزىم ... دېـدى دەم ئۆتۈپ
قايتىپ كىرگەن سارىخان ئانا ئۇنىڭ قۇن-
دۇز چاچلىرىنى سۆيۈپ.

— جۇر، باشقا ئۆيگە كۆچىدىكەنمىز...
ساﺋادەت سارىخان ئانىنـىڭ چىرايىدىكى
پەرىشانلىقتىن بىرەر يامان خەۋەر ئاڭلىـ-
غانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئويلاشـ-
قا جۈرئەت قىلالماي ئۈن - تۈنسىز ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن
بىر نەچچە پايلاقچىلار بىرگە كېلىۋاتاتتى،
بۇ ئەمەتبەگنىڭ قورۇسىمۇ ياكى نامەت
تۇلكىنىڭمۇ؟... مەيلى قەيەر بولسۇن ئۇ مۇ-
شۇ دوزاقتىن قېچىپ كەتسىلا مەيلىتتى، لې-
كىن ئەتراپتا قاچقىدەك بىر يەر كۆرۈنـ-
مەيتتى، ئۇلار چەتتىكى ئايرىم بىر ئۆيگە
ئورۇنلاشتى، بۇ ئۆي ئاددىي بېزەلگەن، يو-
غان تۈڭلۈكتىن سۈزۈك ئاسماننى كۆرگىلى
بولىدىغان، پاكىز ئەمما سەل سۇرلۇك ئىس

دى. ئۇلار بۇ ئۆيگە ئورۇنلىشىپ بولغانـ
دىن كېيىن سارىخان ئانا سائادەتكە قاـ
راپ:

— قىزىم سىز ئامال بار بۇ يەردىن قېچىپ كېتىڭ، بولمىسا بېشىڭىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشىدىغان ئوخشايدۇ، مېنىڭ ئەمدى يەيدىغان رىسقىم تۈگىدى، پەقەت ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سىزگە يېنىر ياخشىلىق قىلىپ مۇشۇ دوزاقتىن قاچۇرۇۋەتسەم دەيمەن، ئالدىنقى كۈنى ئەمەتبەگ ئايىلى بىللەن تالاش - تارتىش قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ، نېمە بولدىكىن دەپ قۇلاق سالسام، سىزنى ئۆزىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشقا جېدەل قىلغىلى تۇرۇپتۇ...

— ھە، سىلە نېمە دەۋاتىلا ئانا؟ بۇ خورلۇقتىن پاك ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى... ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئۇشتۇمتۇت تۈگۈلۈكتىن بىر يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى.

سائادەت ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، يەنە قارىدى...

ئاھ!... بۇ يادىكارغۇ؟! ... ئۇ كۈچلۈك ھاياجىنىنى باسالمىدى، لەۋلىرى ئىختىيارسىز قىمىرلايتتى - يۇ، گەپ قىلالمايتتى.

— سائادەت!... يادىكار ئاستا، ئەمما يېقىملىق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا كۈچلۈك ھاياجان بىلەن سېغىنىش ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئاھ! ... يادىكار... يادىكار راستىنلا سىز ئىكەنسىز - دە!...مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنەلمەيۋاتىمەن...

— مەنمۇ... يادىكار ئېلىلىق كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ:

— چاققان بولۇڭ سائادەت، بىز بۇ يەردىن قېچىپ كەتمىسەك زادى بولمايدۇ!

— ئانا بۇ يادىكار... دېدى، سائادەت ھاياجان ئىچىدە. ھەيران قالغان سارىخان ئانىغا قاراپ. سارىخان ئانا ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— بالىلىرىم، جېنىم بالىلىرىم، تېزراق قېچىڭلار... - دېدى.

— ئانا ياخشى كۆڭۈللىرىگە كۆپ رەھمەت! يادىكار ئايرىلغىلى 15 يىل بولغان، كېچە - كۈندۈز ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىپ چاچلىرىغا ۋاقىتسىز ئاق قىرووۋلار چۈشكەن بۇ سۆيۈملۈك ئانىسىنى تونۇيالمىدى...

— توختاپ تۇرۇڭلار بالىلىرىم، مەن سىرتقا چىقىپ بىر قاراپ باقاي... سارىخان ئانا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

شۇئان يادىكار سائادەتنى ئالدىراتتى.

— سائادەت، بىز ھازىر تاغ باغرىغا قاچايلى، ھۆرىيەت ئاچام ئېغىر كېسەل ئىكەن، ئۇ سىزنىڭ دەردىڭىزدە تۈگۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇ ھازىر سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، سىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ماڭا ئەمەتبەگنىڭ قىزى گۈلبەھرەم ئېيتىپ بەردى. ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويدى!

ئاڭغىچە، سارىخان ئانا قايتىپ كىرىپ، سائادەتنى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ، تۈگۈلۈكتىن يادىكارغا سۇنۇپ بەردى. ئۇلار سارىخان ئانىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا، ئىلاجىسىز ئانىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى تام كەينىگە ئېلىشتى. ئېتىزلىقلار، جاڭگال - سايلىقلار ئارىلاپ، يول مېڭىپ، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىرى يادىكارنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۇممىدجاننىڭ چەت - خىلۋەتتىكى ئۆيىگە ئۇلىشىۋالدى.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)



# «جىنازا»

(ھېكايە)

ئابباس مۇنىياز

1

ھېچقاچان ئۇنتۇلۇكرەك توۋلاپ باقمى-
غان ئوسمان ئىمماخۇنۇم تەبىئىتىگە
يات ھالدا قاتتىق توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ
كۆزى ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغان-
دەك پولتىيىپ كەتتى، تۆشكىنىڭكىدەك
شالاڭ ۋە ئۇزۇن ساقىلى تىنىمسىز تىت-
رەشكە باشلىدى. ئۇ، ساقىلىنى سىقىمداپ
تۇرۇپ، كاۋاكلىشىپ كەتكەن چىشلىرى
ئارىسىدىن مۇنۇ سۆزلەرنى چىقاردى:

— ۋادەرىخا!... ھوي شۇ يۇسۇپ
شۇنداق دەمدا، سەن دېپەيدەك قاراپ
تۇرساڭ، يەنە كېلىپ بىر مۇنچە خەقنىڭ
ئالدىدىلا شۇنى دېدىمىا؟ ھەي ئىمانسىز
يۇسۇپ، قاغىش تەككۇر يۇسۇپ... مۇشۇن-
چىلىك ئىشقىمۇ چات كىرىۋالغان ئادەم
ئەتە — ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە نامازھەقىنى
تاپشۇرسۇن دەيدىغان پەتىۋانىمۇ
پىچىدىغان ئوخشىمامسەن تېخى. سېنىڭ
يوقىلاڭ پەتىۋالىرىڭ ۋەجىدىن پانىي
ئالەمدە بەندىلەرگە كۈن بارمۇ — يوق؟
ئەستاغپۇرۇللا... ئەستاغپۇرۇللا، ھوي
ياقۇپ، يۇسۇپ سېكرىتار شۇنداق ۋالاق-
شىمسا سەن بېزەڭ دەشمىيىپ تۇردۇڭما؟ گەپ

قىل ھـوي لىگىتاسىمـا ، خـۇدايىـم بەرگـەن
لاتا كېرىش، مـە ··· مە··· مەجلىسىتـە دەپ
كېكەچلەپ تۇرماي، سەن بار شـۇ مەجلىسـ
تە يۇسۇپ ئۇرۇق بېشىنىڭ ئۇنىگـدىن باشـ
قا يەنە نىمە دېگەنلىكىنى مـاڭـا ئوچـۇق
قىلىپ دېمەمسەن؟ ھە··· ئاچـە زۇۋانىڭنـى!

غەزەپلەنگـەن ئوسمـان ئىمـاخۇنـۇم
ئوغلىغـا دۋەيلـەپ كەلـدى. دادىسىنىـڭ
بۇنداق ئەلپازىنى ھېچقاچان كـۆرۈپ باقـ
مىغان ياقۇپ قورقۇنچىتـىن سۇغـا چۈشكەن
مۇشۇكتەك شۈمشىيىـپ كەتتـى. ئېكىشىـپ
يۈرۈپ ھەممىنى سۆزلـەپ بـەردى. ئىمـام
بەزگەكتەك تىتر ىگىنىچە قولىدىكى ھاسىسىنى
پېشا يۋانىنىڭ تۈۋرۈكىگـە يۆلـەپ قويۇپ،
بوشاپ كېتكـەن سەللىسىنـى قـايتىدىن
يۆگىدى ۋە ھاسىسىنى قولىغا يەنە ئالـدى.

— ھۇ ··· ئۇچۇشنـى بىلمىـپ چۈشۈشنـى
بىلمىگەن بى ئەقـىل كاپىـر، كـاتەكتـەك
بىر مەھەللىنىڭ ئۇرۇق بېشـى بـولغىنىڭغـا
ھەممىنى يـادىڭـدىن چىقىـرىـپ « ھۆرتـ
پۆرت » دېگىنىڭما بۇ؟ بىر يەرگـە ئىمـام
بولۇپ قالغان بولـاڭزە ئىش بـار ئىكـەن
ساڭا . ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتىكـەن. كۆـ
رۈڭە، مۇھەممەت دېگـەن كـۆك پىتـىنىـڭ
نامىزىغا داخىل بولالمىغىنىمغا، جىنازا بىر
نۆۋەتسولۇنۇپ قالغىنىغا بىر مۇنچە نىجاسەت
چايىنىغىنىمنى . ئۇنى مېنىڭ ھويلامدەك پاكىز
ھويلىدا ساقلىما يـزە، يۇسۇپنىـڭ كۇپـار
پۇردىقـى كېلـىـپ تۇرىـدىغـان ئېغىلـدەك
ھويلىسىغـا ئەكىـرىـپ قويسـام بولامىتـى؟
جىنازا مېنىڭ ھويلامدا تۇرسا، ئالىمادىن
بىرەرسى مېنى ئىزدەپ كەلسـە، ئۇنـى ئاـ
سانلا ئېلىـپ كېتـەر، دەپ شۇنـداق قىلسام
نېمىسـى يامانكـەن ئۇنىـڭ؟ ئەيمە نىمـەي
« نامرات كىشىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشـۈرـ
مەي يوقاپ كەتتـى. جىنـازىنـى تىقـىـپ
قويدى » دېگىنىنـى، مۇشـۇمـۇ بىر ئـەلـ
ھەمدۇلىللا مۇسۇلمانىنىڭ ئاغزىـدىن چىققىـ
دىغان گەپما؟ خەپ توختا پىتۇر مۇھەممـەت
سەن كورسەن، ئەشۇ شۇملۇقلىرىڭ ئۈچـۈن
سېنى قاغىۋېتىمەن!

ئۇ، مۇھەممەت شۈجىنـى قاغاپ دۇئاغا
قول كۆتەردى. ئوغلىمـۇ ئەگىـشىـپ قـول
كۆتەردى، ئەتىسى: ئىماخۇنۇم، مۇھەممەت
شۈجىنى قاغىۋېتىپتۇ — دېگەن خەۋەر پۈتۈن
« ئۆستەڭبويى » مەھەللىسىگە پۇر كەتتى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەزىلـەر كۈلـۈشـتـى
ۋە بەزى نادان كىشىلەر مۇھەممـەت شـۈـ
جىنىـڭ ئاقـۋىتىـدىن ئەنسىـرەپ تـوۋا
ئىستىغپار ئېيتىشتى.

× ×

بامدات نامىزى ئارىلىقىدىلا مۇھەممەت
شۈجىنى بىـر تېرە، بىـر ئۇستىخـان قىلىـ
ۋېتىش نىيىتىـدە تىنماي قاغىغـان ئىمام،
ناماز ئوقۇپ بولۇپ يەنە قاغاشقـا باشلىـ
دى، ھەتتـا قادىر ئـالـلانىـڭ نـامىـنـى
ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ھـۇ تارتىـپ
يىغلاپ كەتتى. ئۇ، ھېرىپھالىدىن كەتتى.
لېكىـن جەينامـازدىن زادىـلا چـۈشكىـسـى
كەلمەيتتى. بىر چاغدا ئـۇ يەنـە ئۆزىگـە
كەلدى. « ئۇنـى زادى قاغايمـەن، جېنىمـلا
بولۇدىكەن قاغاپ بىر نەرسە قىلىۋېتىمەن»
دېدى ئۇ، يەنە ئەدەپ. « ئەمما ··· ئەمما···»
ئـۇ ئـۆزىـگـە ئـىـشـەنـمـىـگـەنـدەك، سـەل
دىلىغۇل بولۇپ قالـدى. « مـەنىڭ ئۇنـى
ھـەر كـۈنـى نامىزىمـدا يىغـلاپ تـۇرۇپ
قاغاۋاتىمەن ··· ئەمما ··· مۇشۇ قـاغىشىـم
ياراتقان ئىگەمگـە يېتـەرمـۇ؟ ··· خۇدا،
تىلىكىم ساڭا يەتسە، ھېچبولمىغاندا يۇسۇپ
دېگەن دەيۈزنىڭ بىرەر تۇغقىنى ساقايماس

كېسەل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ مەيلىتتى. بولمىسا مېنىڭ قاغىشىم قۇرۇق جۇۋاتاراقلىنىش بولۇپ قالمامدۇ. مەھەللىدىكىلەر: «ئىماخۇنۇمنىڭ قاغىشى تۇتمايدىكەن» دەپ، مەندىن ھېيقماس .ولۇۋالسا «ئۈستەگبويى»نى تاشلاپ جىبانى تىكمەمدۇ؟ «قاغايمەن» دېگەننى ياقۇپنىڭ ئالدىدا دېگۈچە غىت قىسىپ تۇرماپتىمەن - يە، بىرەر ئىشتقا كاللىسى زادىلا ئىشلىمەيدۇ ئەمەسمۇ، بۇ دەلتىنىڭ. ئادەمنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ بولغىچە كېكەچلەپ يۈرۈپ خەقلەرگە دەپ بولغان. ئىشىنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىلمەيدىغان مۇشۇنداق لەلپولۇ ئادەم بولۇپ تۆرەلگۈچە، تايىنلىق...خەپ شۇ مەھەممەتنى ... شۇ مەھەممەتنى».

ئىمامىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ، بىرلا قاغاپ يۈسۈپنى تۇگەشتۈرۈۋېتىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇنداق قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ يارىلىپ قالمىغىنىغا ئىچى پۇشاتتى. قاغىش تۇتسىمۇ، باشقىلارغا كېلىدىغان بالايى - قازادىن بىرەرسى مەھەممەتكە كېلىپ، كاللىسىنى تۇغرى ئالسا ياكى ئۆيىگە ئوت كەتسە، باشقىلارچە «ئىمامىنىڭ قاغىشى تەگكەن» بولاتتى. «ھېچ بولمىغاندا ...» ئاخىرى ئۇ ئەشۇنداق ۋەسۋەسىلەر ئىچىدە جەينىمازدىن چۈشتى.

2

زىمىستان قىش يېشىللىق دۇنياسىنى ئاللىقايا قىلارغا ھەيدىۋېتىپ، كەڭ تەبىئەتكە ئۆزگىچە بىر مەنزىرە ئېلىپ كەلدى. ھەممە كىشى كۈلۈپ - ئېچىلىپ ياشاۋاتقان سوغۇق، لېكىن ساپ ھاۋالىق بۇكۈنلەردە مەھەممەت شۇجىنىڭ ئائىلى پەرىدەم تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. خۇدانىڭ كۈنى دېگەن ئۇزۇن بولىدۇ. ئوسمان ئىمامىنىڭ قاغىشى مانا ئەمدى، مەھەممەتكە ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان پەرىدەمگە تەگكەن بولسا ئەجەب ئەمەس. خەقلەر بۇنى نەدىن بىلسۇن!؟ ...

ئىمامىنىڭ قاغىشى كۆپەيگەنسېرى ئۆرە بولاي دەپ قالغان پەرىدەمنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېزا ئايالىرىغا خاس يوغان بىلەكلىرى، ئاپتاپتا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن توم پاچاقلىرى كېسەل ئازابىدىن ئىنچىكىلەپ، قۇرايدەك بولۇپ قالغانىدى. كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كەتكەنلىكتىن، بۇ ئايال، ئادەمنىڭ قورققىسى كەلگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئاغزىدىن يېنىۋاتقان كۆپ - كۆك كۆپۈك ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ، سىرتقا تېزراق چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتتى.

پەرىدەم ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، ئېرىنى يېنىغا چاقىرىپ، زەئىپ ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مېنى ... مېنى قانداق قىلىسەن ئەمدى؟ قوتۇر جىنازىنى دەپ، ئىماخۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن شىكايەت قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ. سېنى تۇتىدىغان قاغىش مېنى تۇتۇپتۇ. بولدىمۇ، ئەمدى قاندىغانسەن؟ كېسىلىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قاغىش ئىشتىكەن ئادەم قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ ئۆلىدۇ، ھەرگىزمۇ ساقايمايدۇ ... مېنى قانداق قىلىسەن زادى؟ ئۆلسەم كىشىلەر بىلەن پۈت ئېتىشىپ قانچىلىك پايدا ئالدىڭ؟ سېنىڭ ئۆلۈكۈڭنى سالغىلى بىرەر جىنازا چىقماسمىدى. ئەمدى خەقلەر ئارا تۇرالامدۇ ساڭا؟ ... جېنىم قىيىنىلىپ كەتتى، بولدى مېنى كۆمۈۋەت ... ئاندىن سەن خەقلەرنىڭ

پېتىكى بولۇپ، سېكرېتارلىقىڭنى قىلىشۇ بېرسەن. مېنى ھازىرلا كۆمۈۋەت، ھە … كۆتەر دەيمەن !…

ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالغانىدى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جانسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلار بېشى ئاستىدىكى ياستۇقنى ھۆللىمەكتە. بېشىغا قاماتۇماق كېيىپ، بېلىنى مەھكەم باغلىۋالغان ئۇزۇن ئېڭەك، قاراموتۇق كەلگەن دىلى يۇمشاق بۇ دېھقاننىڭ يۈرىكى ئايالىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىنى ئاڭلاپ ئېزىلىپ كەتتى. ئۇ، بىر پىيالە چاينى تۇتقىنىچە پەردەمنىڭ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

مەھەممەتنىڭ ئانىسى تاشقىرىقى ئۆيدىن كىرىپلا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— نېمىشقا بىز دىرىپ تۇرسەن، ھەي ئەمانىمىز؟ خوتۇنۇڭ «ۋايىيەي، ۋايتۇۋا» دەۋاتىدۇ. بەزدەك تۇرغۇچە بىر ئىش قىلماسەن؟ — دېدى ئۇ، قولى بىلەن تالانى كۆرسىتىپ، — ماڭ يۈگۈر، ئاۋۋال سېمىز قويدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ئىمامخۇنىنى باشلاپ كەل، يەتتە تازىم قىلىپ ئايىغىغا يىققىل، ئۆزۈرخالىق ئېيت! … ئەتە يەنە بىر قوي ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن ئەلنە — مەھەللىگە نەزىر بەر. ئىمام كەلگەندە يىغلاپ تۇرۇپ تۆۋە قىل، قاغىشىنى ياندۇرسۇن. بولمىسا خوتۇنۇڭ ئۆرە بولالمايدۇ. ماڭ دەيمەن!

— ئېغىر كەلسىمۇ دەي، ئۆز دىگىنىسەل بېسىۋېلىڭ ئاپا، — دېدى مەھەممەت شۇجى لېۋىنى چىشلەپ، — ئالدىرىماڭ. ئۇنى دوختۇرغا، ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرغا ئاپىرىپ داۋالىتىمەن. پەردەمنى ساقايتىۋالسام، شۇ كۈنىلا مەھەللىدىكىلەرنى نەزىرگە ئەمەس، مېھمان بولۇشقا چاقىرىمەن، مېھماندىغا! … پەردەمنى ئەتىلا ئېلىپ ماڭىمەن. قانچىلىك جىق چىقىم تارتسام مەيلى… پەردەمگە ھەرگىز قاغىش تەگكەن ئەمەس…

ئۇ، ئىمام ھەققىدە ئانىسىغا يەنە سۆزلەپ، بۇرۇنقى نۇرغۇن قېتىملاردىكىدەك ئەيىپلەشكە ئۇچراشنى خالىمىغانىدى. شۇڭا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى «غۇرت» قىلىپ يۇتىۋەتتى.

3

ئوسمان ئىمامخۇنۇم نەچچە ئايلاپ قاغىغان قاغىشىنىڭ يۇسۇپنىڭ ئايالىغا بولسىمۇ تېگىۋاتقانلىقىدىن خېلى مەمنۇن ئىدى. «مانا مەن دېگەن ئەمەسمۇ، ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇدرىتى چەكسىز دۇر، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — كىشىنىڭ كىشىدە قالىدىغان زامان ئەمەس بۇ. ھەر كۈنى نامىزىمدا تازا قاغاپتىم، ئاللاتائالاغا يېتىپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرىدىغىنى بار تېخى».

ئۇ، مەيسىسىنى سۇپىغا سېلىپ قويۇپ، جەينامازغا چىقتى ۋە بامدات نامازغا تۇتۇندى. مەسچىتنىڭ ئارقا تېمى زەيلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن بېرى ئۇ، نامازنى ئۆيدىلا ئوقۇۋاتاتتى.

مەھەممەت شۇجى ئايالىنى ئۈرۈمچىگە داۋالاتقىلى ئېلىپكەتكەندىن كېيىن، مەھەللىدە بۇ ھەقتە ھەر خىل ئىغۋالار كۆپىيىپ كەتتى. «پەردەمنىڭ كېسىلى ئاۋۇالقىدىنمۇ بەك ئېغىرلاپ قاپتىمىش. دوختۇرلار: ساقايمايدۇ، ئەپكېتىپ ئوبدان بېقىڭلار، دەپتىمىش… يەنە ئۇنى دەپتىمىش، بۇنى…» بۇ گەپلەر پۈتكۈل مەھەللىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قوشنا مەھەللىلەرگىمۇ يۈرۈپ كەتتى. «قاغىش» ھەققىدىكى پاراڭلار قۇلاقتىن — قۇلاققا يېـ

ئىپ بولغىچە نەچچە ھەسسە كۆپەيىپ، ئىمام ئۇلارغا تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەۋلىيا بولۇپ تۇيۇلدى. بۇنداق ئەپچىل پۇرسەتنى تاپقان ئىمام بارغانلىكى يەردە بوش كەلمەدى:

— ئەي ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار، — دەيتتى ئۇ، — ئەتراپىڭغا بىر نەچچە ئادەم يىغىلسىلا، — ئۆزەڭلەرگە بىر ھېكمەت دەپ بەرگىم كېلىۋاتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە شۇنداق قەيت قىلىنىدۇكى، دىنسىز كىشىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش بىزنىڭقا ئىمدە — رەسمەمەزدە يوق ئىمىش. شۇنداقلارنىڭ ئورۇق-پۇشتى قازا قىلىپ كەتسىمۇ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ. مەگەر كىمكى بۇنىڭغا سەل قارىسا ئىماندىن ئاجرايدۇ. سەمىگلەرگە سالىمسامۇ خەتىڭلاردا باركى، مەھەممەت سېكرېتار دىنسىز ئادەم. ئەقەللىسى، مۇشۇ ئادەم ۋە ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئۇرۇق پۇشتى ئۆلۈپ قالسا، نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ بولىدۇ!... پەرىدەك چوقۇم ساقايمايدۇ. مۇبادا جەسىتىنى ئېلىپ كەلسە، نامىزىنى ئوقۇماسمەن، مۆكچۈۋالامەن ئىلاھىم ...

4

ئۇيان — بۇيانغا قاراپ بولغۇچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. پەرىدەم توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ يوقاپ كەتتى. ئەمدىلىكتە كىشىلەر ئۇنى يۇكۈرۈپ تىلغا ئالماس بولۇپ قالغانىدى.

كەچ، ئىمامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تۇيۇقسىزلا مەھەممەت شۇجى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، سالام — سائەتتىن كېيىنلا باشقا گەپ — سۆز قىلماي ئىمامنى ئۆيىگە چىللاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

«ھە ... ھازىرلا كەلگەن ئوخشايدۇ، خوتۇنى ئۆلدىمۇ تېخى ...» ئىماخۇنۇم سەل ئاچچىقلاپ قالدى. «قاپىقىنى غورا يېگەندەك تۈرۈۋالغىنىنى ماۋۇ غورا قاپاقنىڭ. مېنى نېمىگە ئاپىرىدۇ ئۆيىگە، زادى نېمىگە ؟... بارمايمەن!» ئۇ ئىچىدە مەھەممەت شۇجىنى بىر ھازا تىللىغاندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئۇنى بېرىشقا ئۈندىدى. ئۇ، سەللىسىنى راۋۇرۇس يۆگەپ، ساقىلىنى تاراپ بولۇپ، ئۇچلۇقھاسىسىنى قولىغا ئالدى: «ئو — ئۇش، بارماي نېمىش قىلاي، بىلىنىشتۇرمەيلا باراي. قاپىقى ئېچىلمىغىنى بىلەن گېپى خېلى يۇمشاق چىقىۋاتىدۇ — ھە، ئۇنىڭ، قارىغاندا خوتۇنى ئۆلمىگەن ئوخشايدۇ... ئۆلسە، ئۇ يىغلاتتى؛ ھىم... ھەقىچان خوتۇنى ساقايماي يانتۇرۇپ ئەكەلگەن گەپ ‹ ياسىن سۈيى قىلىپ بەرسىلە › دەيدىغاندۇ شۇ، خوتۇنۇم ئۆلۈپ قالسا، نامىزىنى چۈشۈرۈپ بىرسىدۇ، دەپ، مەندىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تۇرامدۇ تېخى. خۇدا ھەققى، ئۇنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرگۈچى بولمايمەن... ۋاي ئوبدان ئىماخۇنۇم دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالسا، «دې

مىدە» قىلىپ بىر دىپلا، قويغىنىنى ئېلىپ يېنىپ كېلەرمەن ...»

ئوسمان ئىماخۇنوم مەھەللىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەھەممەت شۇجىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ، ئىماملارغا خاس سالاپەت بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئالدىراپ سالام قىلدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق سالام قايتۇرۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، كېيىن كەلگىنىگە قارىماي تۆرنىڭ بېشىدىنلا ئورۇن ئالغان ئىمامنىڭ قولىغا ئەڭ بۇرۇن سۇ بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن داستىخان راسلاندى. ئىمام ئاۋۋال ئالدىدىكى گۈللۈك پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى، ئاندىن پىيالىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ، لىگەندىكى ھورى چىقىپ تۇرغان پىششىق گۆشتىن بىر پارچە ئالدى، ئۇ، قوۋزىدا توشقۇزۇلغان گۆشنى چاينىغاچ ئۆزىچىلا ئويلىنىپ قالدى. «بۇنىچىلىك جىق خەقلەرنى قىچقىرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ، بۇ دىۋەڭ. نەزىرە بەرگەنمىدۇ — يا؟ نەزىرە بولسا بۇنداق مولچىلىق بولماس ... ھە راست، خوتۇنى قېنىكىن بۇنىڭ. دېسەم‑دېمىسەم يەنە بىر ئۆيدە ۋايجانلاپ ياتىدىغاندۇ ھەقىچان. ھىم ... زادى شۇنداق ئوخشايدۇ. بولمىسا، زۇۋانىغا ئوت كېتىدىغان ئۇ ۋىتىۋالداق خوتۇن بۇ ئۆيگە كىرمەي قالامتى؟ ... دېمىدە قىلغۇزۇدىغان گەپنى ماۋۇلار چىقىپ كەتكەنىدە دەمدىكىن ... دېمىدە ھەققىگە قويغان نەرسىنى ئالايمۇ ياكى ... ھىم ... مۇنداق قىلاي: پۇل قويسا غىڭ‑پىڭ قىلماي ئالاي، باشقا نەرسە قويسا ... توختا، توختا، ھەر نېمە قويسا «مۇشۇ يەردە قالسۇن، ماڭا تېگىش بولغانغا ئوخشاش» دەپ باقاي. مۇشۇ گېپىمدىنلا، مېنىڭ شۈكرى قانائەتلىك زات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ، ئەگەر مەھەممەت ‹ئاخۇنۇم، ئالمىسىلا بولمايتتى› دېسە، ئالماي چارە يوق. شۇنداق، ئۇنداقتا ئالسام بولۇۋېرىدۇ ...»

ئەتراپتىكىلەرنىڭ «ۋاراقچىدە» بىر كۈلۈشى ئىمامنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ، ئەتراپتىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپمۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمىدى. ئۇ، بۇ كۈلۈشنى مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، دەپ بىلدىمۇ قانداق، بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى. «مەسچىتكە كىرگەندە مانا بۇ تەرەپنىمۇ دېمەي بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ ئۆزىچە تېرىكىپ، — ئاغرىدىق ‑ سىلاق بار ئۆيدە يەنە كۈلسە يامان بولمامدۇ؟ نېمانداق ئاغزىنى كۈشەكتەك ئېچىش ...»

— ھە ئەمدى ئەكىرسەك بولىدۇ، خوتۇن!

ئىمام جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپلا ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدى. كۆردىكى: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۆش بېسىلغان بىر لىگەن پولۇنى تۇتۇپ پەرىدەم تۇراتتى.

# ئىككى مۇخەممەس

## مۇھەممەد كامال

(شائىر ئىبراھىم قوربانىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

## بوپتىكەن

سەن قولۇڭغا ئېلىپ پىچاق كۆزۈمنى ئويساڭ بوپتىكەن،
يا مېنى قوي ئورنىدا ئاسماقتا سويساڭ بوپتىكەن،
مېنى ۋەيران ئەيلەبان، قىلمىشقا تويساڭ بوپتىكەن،
باغ ئارا كۆردۈڭ مېنى كۆرمەيلا قويساڭ بوپتىكەن،
نازلىنىپ كەلدىڭ يېقىن ئەلدىن ئۇيالساڭ بوپتىكەن.

كۆردۈڭۇ ئالدىڭ جېنىمنى قالمىدى تەندە مادار،
شۇل بۇ كۈندىن ئېتىبارەن دىلدا ئوتلارىڭ يانار،
ئوت ئىچىدە ئۆرتىنىپ بەردىم كۆڭۈلگە ئىختىيار،
بىر بېقىپ، ئىككى بېقىپ ۋەسلىڭ ئارا قىلدىم شىكار،
بۇ شىكار بىر ئىمتىھان ئارقامدا قالساڭ بوپتىكەن.

يار ـ جانانىڭ ئىشقىدا بارمۇ كۆيگەن مەنچىلىك،
ئوتمۇ سەن، ئاتەشمۇ سەن كۆيدۈرمىسەڭچۇ بۇنچىلىك،
ھۆرمۇ سەن، غىلمانمۇ سەن ئىنسانى بولماس سەنچىلىك،
ئايمۇ سەن، چولپانمۇ سەن ئىنسانى بولماس سەنچىلىك،
يەتتە جەننەت بىرسىدە رىزۋان يارالساڭ بوپتىكەن.

سەن ماڭا دەرمان بولۇپ، مەن ھەم ساڭا ئارمان بولۇپ،
جۇر بولۇپ ئۆتسەك ھەمىشە قەلبىمىز شادمان بولۇپ،
باغ ئىشىكتە بولمىسا گەر سەيلىگە بارسام قۇلۇپ،
سايرىسام بۇلبۇل بولۇپ گۈل ـ بەرگى شاخىڭغا قونۇپ،
كۈيلىرىمگە كۈي قېتىپ سازىڭنى چالساڭ بوپتىكەن.

ئۇچرىشىپ قالساق چىمەندە سەن مېنى ئالساڭ تونۇپ،
مەن سېنى ئالسام تونۇپ قەلبىمگە شادلىقلار تولۇپ،
يار دېسەم يارىم بولۇپ، يېنىمدا ھەمراھىم بولۇپ،

جان دېسەم جانىم بولۇپ دەردىمگە دەرمانىم بولۇپ،
دۈشمىنىمنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالساڭ بوپتىكەن.

ئۈچرىشىپ بىر كۈن سەھەردە سەن ماڭا كۆل بويىدا،
كۆرسىتىپ ئايدەك جامالىڭ سەن قاياق قاچتىڭ يەنە،
كۆردىمۇ، كۆيدى يۈرەك ئەمەس سۆزۈم يالغان - ئالا،
ئەمدى مەن نە ئەيلەيىن بولدۇم ئوتۇڭغا مۇپتىلا،
بۇ قەدەر كۆيدۈرگىچە كۆڭلۈمنى ئالساڭ بوپتىكەن.

ئوت ئىچىدىن جاي بېرىپسەن ئوت خۇمار پەرۋانىغا،
ۋەسلىگە يەتكۈزمىدىڭ ئوتلار تۇتاشتى جانىغا،
ئايرىدىڭ جانىدىن ۋاقتىسىز، تاشلىدىڭ كۆلخانىغا،
لېپىمدە قاشىنى ئېتىپ ئاتەش يۈرەك قۇربانىغا،
سۆيگۈدىن ئەيلەپ جۇدا مەرگەن ئاتالساڭ بوپتىكەن.

## سۆيگىن، دېدىڭ

كۆيگىنىم دەپ ئاھ ئۇراتتىڭ كەل قېنى سۆيگىن، دېدىڭ،
ئاشىقىم سەن دىلغا پۈكتۈم مەن سېنى سۆيگىن، دېدىڭ،
ئىسپىتىدا قىلغان ئىدىم يالغۇز سېنى سۆيگەن دېدىڭ،
سۆيگىنىم ئاز كەلگىدەك يارسەن مېنى سۆيگىن، دېدىڭ،
سەن كەبى پەرھادىنىڭ، مەن شېرىن سۆيگىن، دېدىڭ.

سەيلىگە ياخشى ئەمەس كەر تۇتۇلۇپ قالسا ھاۋا،
ئىزدىگىن ئىزدەپ تۇراي، سەن ئاتىلىپ قالما ياۋا،
سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەككە سەندىن ئۆزگە يوق داۋا،
لەۋلىرىڭدىن گۈل تامار، سەنسىز ھاياتىم بىناۋا،
يۈرىكىم يالقۇن بولۇر سۆيسەم سېنى سۆيگىن، دېدىڭ.

بۇ كۆڭۈل بولغاي پەرىشان گۈل خۇماردىن ئايرىلىپ،
مېھرى ئىللىق، كۆڭلى تۈز، سۆزگە ئۇناردىن ئايرىلىپ،
كۆز تېگىپ كەتكەن كەبى بوۋاق تۇماردىن ئايرىلىپ،
مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ، سۇنغاي قاناتىم قايرىلىپ،
تارتقىنىڭ تارتقان سېنىڭ ياردەردىنى سۆيگىن، دېدىڭ.

سەن مېنىڭدىن بىر زامان يۈز ئۆرىگەنگۇ زارلىنىپ،
ئۈزلىكىڭدىن كەيىنىا بۇگۈن مىجەزىڭ سازلىنىپ،.

قىشتىكى مۇز ـ قارلار بىر چاغ ئېرىگەندەك يازلىنىپ،
قاشلىرىڭنى ئويىنتىپ گاھى كۈلۈپ، گاھ نازلىنىپ،
سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى تاڭ چولپىنىنى سۆيگىن، دېدىڭ.

بۇلبۇل چىرايلىق گۈل ئۈچۈن، دۇلدۇل چىرايلىق يول ئۈچۈن،
ئەرك چىرايلىق قول ئۈچۈن، مېھنەت چىرايلىق ئەل ئۈچۈن،
ئەقىل چىرايلىق پەن ئۈچۈن، مېھمان چىرايلىق قەن ئۈچۈن،
مەن چىرايلىق سەن ئۈچۈن، سەن ھەم چىرايلىق مەن ئۈچۈن،
ساڭا شەيدا بۇلبۇلۇڭ مەستانىنى سۆيگىن دېدىڭ.

پۇرۇقۇڭنى ئۇچۇرۇپ كەلسە ئەگەر مەيىن شامال،
تاكى شۇ كۈن كەچكىچە كۆڭلۈم بولۇر ساڭا قامال،
كۆرسىتىپ كۈن ـ تۈن ماڭا نازلىنىپ ئايدەك جامال،
ئەيلىسەڭ جاننى نىسار قۇربانى سۆيمەي نە ئامال؟
بۇ جاھان رەنالىرى كۆرسۇن قېنى سۆيگىن، دېدىڭ.

## ئىككى شېئىر

### تۇرسۇنجان ھەسەن

#### «بىز شۇنداق دوست»

بىر مەكتەپتە،
تەڭ كەلدۇق ئوقۇپ،
بىر شىرەدە ياشايمىز ئىشلەپ.
سەن يوق يەردە مەن سېنى چوقۇپ،
مەن يوق يەردە سەن يۈردىڭ چىشلەپ.

چىن دوستلۇقنىڭ ھۇلىنى بۇزۇپ،
قىلدۇق ۋاپا تېمىنى ۋەيران.
نەپسىمىزگە قارا قول سوزۇپ،
مەرد ئىنسانىنى قالدۇردۇق ھەيران.

#### دىلدار

(لىرىك ساتىرا)

ۋىسالىڭنى قوغلىشىپ دىلدار،
قانچە يىگىت تۇرغاندۇ كۆيۈپ؟

قىلىپ بەرسەڭ لىۋىڭنى زىلتار،
ھوزۇرلىنىپ ئالغاندۇ سۆيۈپ.

شادلانغانسەن ھاياجان قۇچۇپ،
يايرىغاندا دولقۇنلاپ دىلىڭ.
بال ھەرىدەك خىيالىڭ ئۇچۇپ،
ئىگىلىگەندۇ ئەۋرىشىم بېلىڭ.

ھەر قۇچاقتا بەختىڭنى تېپىپ،
لەززىتىگە چۆمگەنسەن باشقا.
كۈزەللىكنى ئۇستۇڭگە يېپىپ،
ئىشرەت ھېسى بەرگەنسەن تاشقا.

تارالغاندۇ «ساخاۋەت» نامىڭ،
«مۇھەببەت» تە كۆيلىنىپ ئېغىز.
شېرىن ھېسقا تولغاندۇ جامىڭ،
ئوت گەۋدەڭ چاققاندا مېغىز.

سارغايغاندۇ، ئاناردەك چېھرىڭ،
كۆپۈشكەندە يىغىلىپ تومۇر.

دەريا كەبى ئاققاندا مېھرىڭ،
سۆزلىگەندۇ شاۋقۇنى يۇمۇر.
نازاكەتلىك بولغانسەن بىھۇش،
كۆڭۈل سىيان ئۆزەڭنى تاشلاپ.
سايرىغاندا ئۈۋۇسىدا قۇش،
بوغۇلغانسەن كۆزۈڭنى ياشلاپ.
تۇيۇلغاندۇ ناۋاتتەك دۇنيا،
چۇلغۇسىمۇ تېنىڭنى ئازاب.
تۈندە قۇياش تاپقاندەك گويا،
نۇر جامالغا تۇرغانسەن قاراپ.

زور ئامەتنى بەرگەندەك خۇدا،
ياڭراتقانسەن مەدھىيە، ئالقىش.
ئويلىغانسەن، بولمىسام جۇدا —
شېرىن كۈندىن،
قىلاتتىم بالقىش.

ئارزۇ يىڭغا باقمىدى، بىراق،
ھاياتلىقنىڭ كۈندىشى — قىسمەت.
كۈتكىنىڭدىن ئاپاردى يىراق،
تاپالمىدى قىزلىقنىڭ قىممەت.

## تۈندە تۇغۇلغان مىسرالار ...

### ئابلەت سادىق

**دىلبەر ئۈچۈن ئالدىم قەلەمنى ...**

باش باھارنىڭ ئايدىڭ كەچلىكى،
ئۆزەم يالغۇز كەزدىم مەلەمنى
جىلۋە قىلىپ كۆكتە تولۇنئاي،
شۇ ئان ئەسكە سالدى سەنەمنى ...

قايىقلارغا كەتتى ئوغرىلاپ،
ئەزگۈ خىيال كەچكى سەيلەمنى.
يۈرىكىمدە بىر سىزىم ماگما ...
دىلبەر ئۈچۈن ئالدىم قەلەمنى.

**ئايدىڭ كەچلەر تارتالمايدۇ مەيلىمنى...**

ئۇزۇن بولدى يالغۇزلۇقتا تۇتقۇنمەن،
خىيال قوغلاپ ئۆتەر مېنىڭ ھاياتىم.
خىيالىمدا دائىم ۋىسال قۇچىمەن،
خىيال مېنىڭ سۇنماس كۈچلۈك قاناتىم.

خىيالىمنىڭ ئانىسى سەن دىلبىرىم،
ئۈزۈلمەيدۇ ساڭا زىنھار يەتمەستىن.
كۆز يۇمىمىز تەسكە چۈشەر ئۇيقۇغا،
كېچىلىرى سېنى خىيال ئەتمەستىن ...

ئايدىڭ كەچتە چىقىپ سەيلە قىلغۇم بار،
سېنىڭ مېھرىڭ بېسىۋالار پەيلىمنى.
سەن قېشىمدا بولماي تۇرۇپ ئامرىقىم،
ئايدىڭ كېچىلەر تارتالمايدۇ مەيلىمنى...

**پەسىل قوغلاپ پۈتەر سۆيگۈمۇ ...**

پەسىل قوغلاپ يۈرەر شوخ شامال،
قەدەملىرى يېتەر چۆلگىمۇ.
غايىپ ئوتتىن تۇتاشقان ئىككەن،
پەسىل قوغلاپ پۈتەر سۆيگۈمۇ ...

باھار چېغى گۈل تېرىدىم سۆيگۈدىن،
مائىلاي تەرىم تامچىسىدا سۇغۇرۇپ.
يۈرىكىمنىڭ تەپتى بىلەن يۇمشاتتىم،
ئەقىدەمدىن ئەتراپىغا قىر سوقۇپ.

ئۇزاق ئۆتمەي، قۇچاق ئاچتى ھاياتقا،
گۈل غۇنچىسى، يارىلىدىن رەڭ ئېلىپ.
زوقۇم بىلەن يېڭىباشتىن ئاتلاندىم،
يۈرىكىمگە بىر خۇشاللىق ئوت سېلىپ.

كائىناتتا بولماي تۇرۇپ كۈز پەسلى،
نېمىشقىكىن گۈلۈم غازاڭ تاشلىدى.
مېنى تۇتتى رەشىك ئوتى قىيناپ جان،
جۈپ كۆزۈمنى ئاچچىق ھەسرەت ياشلىدى.

كۆردۈم ئۇنىڭ ماتىمىنى ئەجرىمدىن،
قىلغانلىرىم بەلكى چەكتىن ئاشقاندۇر.
ھە، راست، ئۇنى ئاپارمىدىم كۆل ياققا،
كۆز ياشلىرىم تازا ياقماي قالغاندۇ ...

## ئۇسسۇلچىغا

**پەرھات تۇردى**

جىلۋە قىلىپ چۈشتىڭ ئۇسسۇلغا ئەلنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ،
ناز-كەرەشمە بىرلە مەجنۇنتال مىسالە تولغىنىپ.
ھەر دىكىتىڭ نازۇكلىقى قالغاچ قانات قاققانچە بار،
ئوتلىرى ياندى غورۇرنىڭ دىلدا زور گۈلخان بولۇپ.
مىللىتىم ئوبرازىنى قىلدىڭ ئايان ئالەم ئارا،
شائىر دىگىنىڭ قەلبىدە ئالەمچە ئىلھام قوزغىتىپ.
ئىقتىدار كۆكىدە سەن پارلار يورۇق چولپان كەبى،
بىز داۋام قىلغان مىراستىن شادلىنىپ كۈلسۇن سۈجۈپ،
سەن ھايات، ئۇيغۇر ھايات، ئەجداد ھايات، ئەۋلاد ھايات.
كەت بىسىپ دىللارغا، ئاق قارىم كەبى دولقۇنلىنىپ.

xxxxxx◁▷xxxxxx

## ئىككى شېئىر

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**

### دولان پۇرىقى

مەن تېخى ئۆتمەستىن بەش ئېرىقتىنمۇ،
پۇرىدى بۇرنۇمغا دولان پۇرىقى.
شۇ پۇراق تەپتىدىن بولۇپچىن مەسخۇش،
يۈرىكىم بولدى ھەم ئىلھام بۇلىقى.

سورىساڭ «قانداق؟ ...» دەپ ئەشۇ پۇراقنى،
ئانىمنىڭ سۈتىنى ياد ئەت. ئەڭ ئاۋۋال.
پەقەتلا يۈرىكىڭ سەزمىسە ئۇنى،
تېپىلماس تىل ئۇچۇن باشقا ھېچ ئامال.

شۇ قەدەر تونۇش ھەم شۇ قەدەر ئۆز ئۇ،
بەئەينى ئېغىناپ ياتقان كۈشۈكۈك.
ۋە ياكى غۇبارسىز بالىلىقىڭدا،
تۇنجى رەت بۆلەنگەن ئالتۇن بۆشۈكۈك...

ئۇرۇلسا شۇ پۇراق دىماقلىرىڭغا،
نە ئۈچۈن ئىلھامغا تولماس يۈرىكىڭ؟!

تۇرسىمۇ ئارىلىق ئايرىبان گەرچە،
ئەمەسمۇ مەڭگۈ بىر ئارزۇ-تىلىكىمىز!

### تۇخۇم سالدۇق چېكىشكە

غوروچۆل، چۆل ئەمەس باراقسان ماكان،
گۈللەرگە پۈركەنگەن ئۇنى دولانلىق.
دولانلىق بارلىكى يەرنىڭ ئەزەلدىن،
مەشرىپى ئۆزگىچە، كۆڭۈللۈك-داغلىق.

شۇنداق بىر مەشرەپتە ساھىپخان بىلەن،
مېھمانلار سالدۇق كۆپ تۇخۇم چېكىشكە.
شەرتلىشىپ ئولتۇرسا كىمدە-كىم ئەگەر،
جازاسى ئۈچۈن شۇ مەيزاپ ئىچىشكە.

ئاق دىللىق، چىن مەردلىكىغا لىپ ھەرقاچان،
ساھىپخان-تىللاخان ئۇتتى ھەممىنى.
كۈلۈشتۇق، يايرىدۇق بىردەم بولسىمۇ،
جۇش ئۇردى تومۇردا ساپ دولان قېنى!

1988-يىل 18-ئىيۇل، غوروچۆل.

# يۇرتۇم قىزى

ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا

كېلىدۇ زوقۇم ئەجەب يۇرتۇم قىزى - رەيھانىگە،
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، كۆزلىرى چولپانىگە.
ئىككى مەڭزى قىپ - قىزىل گوياكى ئالما رەڭگىدەك،
سۆزلىرى شېرىن - سۇخەنلىك خۇش ناۋا خەندانىگە.
قاپقارا دۇر چاچلىرى، يىگىرمىدە بار ياشلىرى،
زىلۋا بوي، شەرمى ھايالىق پەرىلەر سۇلتانىگە.
ئاڭلىدىم ئەلدىن بۇ قىزنىڭ زوقلىنىپ تەرىپىنى،
يارىشىملىق گۈل ئىكەن، ئەخلاق بېغى - بوستانىگە.
مەرىپەت، ھۈنەر ئىگەللەشكە جىنىم ئەيلەر پىدا،
يەن گويا بولسا چىراغ، ئوخشار ئىكەن پەرۋانىگە.
ئەل، ۋەتەن نەپئىنى كۆزلەپ، قىلىدىكەن ئارمان شۇنى، .
«بارلىقىم تەقدىم ھامان قايناق - چېلىش مەيدانىگە».
دەيدىكەن چىن قەلبىدىن: «مەن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلاي،
ئەل ئۈچۈن جەڭگاھ ئارا شانلار قۇچار مەردانىگە».
شۇ گۈزەل قىز ئىشقىدا قەلبىمدە ئوت - گۈلخان يانۇر،
نە بولۇر ئارزۇ - ئۈمىدىم يەتسە گەر ئارمانىگە.

# ئىشچان

ئابلىز قۇربان

ھايات ئىشقىدا گۈلخاندەك يېنىپ ھەر چاغ ئۆتەر ئىشچان،
بەخت ھۇلىنى قۇرماقچۇن، ئايانماي تەر تۆكەر ئىشچان.
بولۇپ مەردان، ئۇرۇپ خەنجەر جاپالار كۆكسىگە دائىم،
شىجائەت، ئەجرىدىن تۆھپە ياراتماقنى كۈتەر ئىشچان.
ۋەتەننى تۆتتە گۈللەشنى جىمى ئىشتا نىزام ئەيلەپ،
جاسارەت، غەيرىتى بىرلە، بېلى بوشنى سۆكەر ئىشچان.
گۈزەل ئىقبالغا يەتمەكچۈن، ھەمىشە ئالغا ئىلگىرىلەپ،
قۇچۇشنى شان - زەپەر، غەلىبە، دىلىغا چىڭ پۈكەر ئىشچان.
ئۆزىنىڭ رىشتىنى ھەردەم، چېتىپ ئەل رىشتىگە مەھكەم،
مۇشەققەت تەكتىدىن ئاڭا قېزىشچۈن دور چۆكەر ئىشچان.
سېلىپ ئىشقا ئەقىل - ئىدرەك ۋە ھەممە پەم - پاراسەتنى،
ئىجادى، مېھنىتى بىرلە، يېڭى تارىخ پۈتەر ئىشچان.

# ھەمكارلىق

**شىن شىگىي** (ياپونىيە)

ئار، ھەممە تىلنىڭ تۇرالايدىغان كاتتا ياتاقخانىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ، مىليونېر بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق راھەت - پاراغەتتە ياشايتتى. ئۇ پايدىلىق پۇرسەتنى ئەسلا قولدىن بېرىپ قويمايتتى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە شۇنچىۋالا دەپمىسى - دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

يېرىم كېچە، توساتتىن ئاڭلانغان بىر غەلىتە ئاۋاز ئارنى ئويغىتىۋەتتى. بۇ ئاۋاز كۇتۇپخانا تەرەپتىن كەلگەندەك قىلاتتى، ئار شاققىدە ئورنىدىن تۇردىدە، ئىشىك قىسىلچىدىن ئاستا سىرتقا قارىدى.

پىرژېكتور شولىسىغا ئوخشاش بىر ئاق نۇر قاراڭغۇدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئار تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىۋېدى، بىر ئادەم كۆلەڭگىسىنىڭ تەكچىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇنداق پەيتتە، مۇشۇنداق ئەسكىلىكنى قىلىۋاتقان ئوغرى بولماي كىم؟

ئار، تامغا ئېسىغلىق ئوۋ مىلتىقىنى ئالدىدە مىلتىقنى توغرىلىدى. توساتتىن ئىشىك ئېچىلدى، چىراغ يورۇتۇلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر سۈرەن-چۇقان ئاڭلاندى. بۇ ئىشلارچا قىماق تېزلىكتە يۈز بەردى.

— كىمسەن؟ مىدىرلىما، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن!

ئۆيگە كىرگەن ئادەم جۇل - جۇل كىيىنىۋالغان، ياداڭغۇ كەلگەن ئەر كىشى ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىچارىلارچە جاۋاب بەردى:

— ئوق چىقارمىسىڭىز، مەن تەسلىم بولاي!

— نەدىن كىردىڭ؟

— دېرىزىنى قومۇرۇپ كىردىم!

دېرىزىنىڭ بىر كۆزنەك ئەينىكى چېقىۋېتىلگەنىدى. ئۇ يەردىن قولىنى تىقىپ ئاچقۇچنى ئالغاندەك قىلاتتى.

— نېمە ئادەمسەن؟ نېمە قىلغىلى كىردىڭ؟

— ئوغرى. كېچىرىڭ! تېخى ھېچنېمىنى ئوغۇرلىمىدىم. ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

— ياق، كېچىرىشكە بولمايدۇ. ئىنسان پۇلنى ھالال تېپىش كېرەك-تە. تەييارغا ھەييار بولۇشتىن پەسكەش ئىش يوق. شۇڭا مېنىڭ ئەڭ يىركىنىدىغىنىم باجگىر بىلەن ئوغرى. سېنى ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىمەن.

ئار، مىلتىقنى تـوغرىلىغاچ قـولىنى تىلىپفۇنغا ئۇزاتتى. ئوغرى بـولسا پـولغا يۇكۈنگىنىچە يالۋۇراتتى.

— بىلمەيدىمەن! مۇشۇ بىر قېتىم كەچۇرلـسىڭىز!

— ياق، ساڭا ئوخشاش ئەبلەخلەر تۈرمىگە لايىق.

— هە ... ئەمەلىيەتتە، هازىرغا قەدەر بىر نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىدە ياتتىم. بۇ قېتىم يەنە كىرىپ قالىدىغان بـولسام جىنايىـتىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. قۇتۇلىشىممۇ تەس. بۇنىڭدىن كېيىن توۋا قىلىپ، قايتا باشتىن ئادەم بولاي، يـامان ئىشلاردىن قـولۇمنى ئـۈزۈپ، بـاشقىلارغا ئوخشاش كېرەكلىك ئادەم بولاي. كېچىرسىڭىز!

— راستىلا كېرەكلىك ئـادەم بـولساڭ، بۇ گېپىڭ ناهايىتى ياخشى!

— كېچىرىدىغان بولسىڭىز، نېمـە قـىل دېسىڭىز مانا مەن تەييار!

ئوغرى بېشىنى پولغا ئۇرغىنىچە كېچىرىم سورىماقتا ئىدى. ئار، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— قانداق ئىش بولسا مەيلىمۇ؟

— ئەلبەتتە دەۋىرىلىك!

— ئەمىسە ئاۋۇ تەرەپتىكى خەزىنىنى ئېچىپ بەر!

ئار ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىكى خەزىنىنى كۆرسىتىپ تـۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن دېدى. ئـوغرى خـەزىـنىـگە قـاراپ قـويـۇپ، ئـوڭايسىزلانغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— بۇ ... بۇن - داق قىلىشقا بولمايدۇ. مەن هازىرغا قەدەر خەزىنە ئېچىپ باقمىدىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ نومۇرىنى قانداق توغرىلايدىغانلىقىدىن زادىلا خەۋىرىم يوق. ئەگەر ئۇنى ئوڭشا تماقچى بولسىڭىز، ئۇستا تەكلىپ قىلىڭ، مەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەسمەن!

— تازا لايىق! نـومۇرنى توغرىلاش بىلەن ئېچىش ئۇسۇلىنى دەپ بېرىمەن.

— بىراق ... نېمىشقا مۇشۇنداق ... داۋلىنى هېچ چۈشىنەلمىدىم.



— داۋلى - پاۋلىلىرىڭىزنى قوي، مېنىڭ دېگەن بويىچە قىلسا ئىشلا بولدى. خالىمى-

ساقى ئۇمۇ ئۆزەڭگىنىڭ ئىشى. لېكىن، مىلـتىق بىلەن ھوشۇقىنى چېقىۋېتىمەن. ئانـدىن ساقچى چاقىرىپ كېلىمەن، قانداق؟

— چۈشەندىم، نېمە دېسىڭىز شۇ! بىراق، بۇ ئىش ماڭا غەلىتىرەك تۇيۇلۋاتىدۇ.

ئوغرى غودۇڭشىغىنىچە ئارىنىڭ كورـسەتمىسىگە بىنائەن، سومۇرنى توغرىلاپ تارتىۋىدى، خەزىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. خەزىنە ئىچىدە بىر قانچە بولاق قەغەز دۆـۋىلەكلىك تۇراتتى. ئار تۆۋەندىكىچە بۇيـرۇق چۈشۈردى:

— بىر بولاق قەغەزنى ئېچىپ قاراپ باقە!

— خوپ، ھەئە؟ بۇ بىر باغلام پۇلغۇ؟

— شۇنداق، ساڭا، بىر باغلامنى بېـرەي، ئالە!

— راستىنلا مۇشۇنداق سېخىلىق قىـلامسىز؟

— تولا تۈزۈت قىلماي بۇ پۇلنى يول خىراجىتى قىلىپ، يىراق - يىراقلارغا كەت. لېكىن، بۇ ئەتراپتا قاتراپ يۈرگىـچە بولما، ھە!

ئوغرى قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە دېگەن مېھرىبان ئادەمسىز، ھە! ئەپۇ قىلىپلا قالماي، يەنە يول خىراـجىتىمۇ بەردىڭىز...

— تولا ۋالاقشىماي تېز يوقال!

ئوغرى خاتىرجەم ھالدا دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى. ئار، ھايال ئۆتمەيلا خەزىـنىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگزىسىگە يۆتكىدى. ئۇ ۋە مىلتىقىنىمۇ ئەسلىدىكى جايىغا ئېسىپ قويدى. تېلېفون سىمىنىمۇ ئۇزۇۋەتتى. ئاندىن جامائەت تېلېفونخانىسىغا بېرىپ ساقچىغا تېلېفون بەردى:

— بايا ئۆيۈمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى. ئوغرى قاتتىق قورالىي بىلەن تەھدىت سېلىپ قورقۇتقانلىقتىن، خەزىنەمنى ئېچىش ئۇسۇلىنى دەپ سالدىم...

ئۇزۇن ئۆتمەي ساقچىلار يېتىپ كەلـدى. ئار ساقچىلارغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى:

— بارماق ئىزىمۇ يوقىمىغاندەك قىـلىدۇ. سىز كۆرگەندەك ھەممىسى ئەسلى ھاـلىتىدە ئىكەن. ئېغىر ھېلىلا بانكىدىن ئېـلىپ كەلگەن نەق پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى.

— زىيان كۆپ بوپتۇ، راستىنلا كىشـنىڭ ئىچى سىيرىلگەندەك ئىش بوپتۇ!

ساقچى ھېسداشلىق بىلەن كۆرگەندىن كېـيىن، ئار ئۇستىلىق بىلەن دېدى:

— بىراق... مۇۋاپىق كۆرگىنىڭىزدە، بىر پارچە «ئوغرى ئالغانلىق گۇۋاھنامىـسى» بېچىرىپ بەرگەن بولسىڭىز، چۈنكى، بۇ گۇۋاھنامە باجنى كېچىرىم قىلىشتا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەن...

(«چەتئەل ھېكايىلىرىگە نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى).

ئوسمانجان مەھەممەت تەرجىمىسى

# ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر

**ھۇسەن ھادىل**

I

مەن 1939 - يىلى 3 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4- سىنىپىدا ئوقۇيتتىم. ئۇ ۋاقىتتا ئون بەش ياشتا ئىدىم. شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق 21 - تۈەنى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەربىي مەشىق مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغان ئورنى ساجىڭزا ئىدى. بۇ جايدا ئۇلارنىڭ 1000 مو بېدىلىكمۇ بار ئىدى. ئايكۆل يېزىسى ساجىڭزا بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قونالغۇسىدىن ئىبارەت ئۆتەڭ بولغاچقا، گومىنداڭ قوشۇنى ساجىڭزىغا بېرىپ قايتىشتا ئايكۆل يېزىسىدا بىر كېچە قونماي ماڭالمايتتى.

شۇ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئايكۆل يېزىسىغا 120 كىشىدىن تەركىب تاپقان گومىنداڭنىڭ تۆت پەي ئەسكىرى چۈشۈپ ئاتلىرىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ سىرتقا چىققانىكەن. مەن كۈندۈزى سائەت ئۈچلەردە ساۋاقدىشىم ئەمەت نەمەت ( 17 ياش ) بىلەن ئىككىمىز بازار كۆرگىلى كەلگەنىدۇق. بازاردا ئىككى نەپەر خەنزۇ ئەسكەر بىزنى كۆرۈپ تۇتۇۋېلىپ دەڭگە ئېلىپ كىرىپ ۋاڭ ئىسىملىك تۈەنجاڭنىڭ قېشىغا ئاپاردى. ۋاڭ ئىسىملىك تۈەنجاڭ 30 ياش ئەتراپىدا بولۇپ ئورۇق، چىراي شەكلى ئاق، ئۆڭكى سۇرلۇك ئىدى. مەن قورققانلىقىمدىن بەدەنلىرىمنى تىترەك بېسىپ كەتتى. تۈەنجاڭ ئىككى نەپەر ئەسكەرگە بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن بىزنى باغلىدى. ئىككىمىز شۇ كۈنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىندۇق. مەن شۇندىن باشلاپ گومىنداڭغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلدۇم. بىزنى ئاقسۇدا بىر نەپەر سېرىق چىراي دوختۇر سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈردى، ساۋاقدىشىم ئەمەت نەمەتنىڭ سالامەتلىكى ناچار چىققانلىقىدىن ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى. مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا گومىنداڭنىڭ 21- ئاتلىق تۈەنى بولۇپ، بىر مىللىي لييەن، ئۈچ خەنزۇ لييەندىن تەركىب تاپقان. 21- تۈەننىڭ ئورنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھازىرقى نۇگېيىسى تۇرۇۋاتقان ئىككى قەۋەتلىك ماگىزىنى ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

مەن كېيىن ۋاڭ تۈەنجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولدۇم. مېنىڭ ۋەزىپەم ئۆي سۈپۈرۈش، چاي توشۇش، ھەربىي مەشىققە قاتنىشىش، ئۆزلىكىمدىن خەنزۇچە ئۆگىنىش بولدى. ۋاڭ تۈەنجاڭنىڭ خوتۇنى، بىر قىزى، ئىككى ئوغۇل بالىسى بار ئىدى. 3 - لييەننىڭ لييەن-

جاڭى جاۋخەنچىڭ ئىدى. ئېگىز بوي، 35 ياش ئەتراپىدا، بۇغداي ئۆڭلۈك ئورۇق بولۇپ، چىرايىدا قۇۋلۇق-شۇملۇقنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىدى. بىر خوتۇنى ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان تۆت بالىسى بار، يەنە بىر خوتۇنىنى 1944- يىلى 9- ئايدا مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندا ئاقسۇ ئۇچتۇرپانىڭ خەنزۇ ھاكىمى سوۋغىلى قىلىپ بەرگەن 20 ياش ئەتراپىدىكى خەنزۇ قىز ئىدى. 1940- يىلى 2- ئايدا ۋاڭ تۇەنجاڭنى شىڭشىسەي ئورۇمچىگە چاقىرتىپ كەتتى. كېيىنچە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ ئورنىغا 3- ليەننىڭ ليەنجاڭى جاۋخەنچىڭ تۇەنجاڭ بولدى. 1941- يىلى 3- ئايغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئاۋاتتىن 150 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت يىگىتلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىپ خەنزۇ ئەسكەرلەرگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر سانى كۆپىيىپ بىر ليەندىكى ئادەم سانى 150 نەپەرگە يېتىپ شىتاتىمۇ كۆپەيدى. مەن بۇ ۋاقىتتا خەۋەرچى پەيدە ئىدىم. بىزنىڭ خەۋەرچى پەينىڭ سانىمۇ كۆپەيگەچكە خەۋەرچى ليەن بولدۇق. مەن بۇ ليەندە ليەنجاڭنىڭ قاراۋۇلى بولدۇم. بىزنىڭ ليەننىڭ ليەنجاڭى لى ئىسىملىك خەنزۇ بولۇپ، بويى ئوتتۇرا بوي، 40 ياش ئەتراپىدا، ئورۇق، مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى. ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 21- تۇەنگە 1941- يىلى 8- ئايغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئاتلىق 5- تۇەن دەپ نام بېرىلىپ، ئورۇمچىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل تۇەنگە ئۆزگەرتتى. بۇ تۇەننىڭ مەشىق مەيدانى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خەلق باغچىسى ئورنىدا ئىدى. ھەربىي مەشىقىمىز قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازچىلىق قىلىش، ئاتنى ئېگىزدىن سەكرىتىشتىن ئىبارەت.

1944- يىل 9- ئايدا مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندا مېنى 1- ليەنگە چىقاردى. بۇ ليەننىڭ ليەنجاڭى يەن ئىسىملىك بولۇپ بېشى تاز، پاكار 40 ياش ئەتراپىدا ئاق سېرىق كىشى ئىدى. ليەنجاڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خوتۇنى بار ئىدى.

1945- يىلى 1- ئايدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. شۇ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى جاۋخەنچىڭ بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغىپ ئورۇمچىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. بىزنىڭ 1- ليەنگە (4 پەيدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ) ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ يېزىسىنىڭ قوغان سېپىلىنى ۋە مۇزداۋانىنى قاتتىق قامال قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى تەرەپتىن كېلىدىغان يولىنى توسۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

II

1945- يىلى 1- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قەھرىتان سوغۇقتا بۇيرۇقنىڭ قاتتىقلىقىنى، ئەسكەرلەرنى جازالاشنىڭ ۋەھشىلىكى تۈپەيلىدىن ئامال يوق، مىللىي قىسىمنىڭ ئاقسۇغا ماڭىدىغان يولىنى توسۇشقا نائىلاج ئاتلاندۇق. كىيىملىرىمىز نېپىز، تاماقلىرىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. تەمىناتىمىز پۈتۈنلەي خەلقتىن مەجبۇرىي يىغىپ ئېلىنىدىغان سېلىقلاردىن ھەل قىلىناتتى. ليەنجاڭلارنىڭ ھوقۇقىمۇ زور بولۇپ قارشىلىق قىلغان ئەسكەرلەرنى باغلاپ ئۇراتتى، ئاساتتى، ھەتتا ئېتىۋېتەتتى.

بىز بوزدۆڭ داشىرىسىگە كىرگەندە، تۆز ئاۋاتتا بىر بەن، قوغالدا بىر بەن، يېڭى مەھەللىدە بىر بەن، توغبەلچىدە بىر پەي (48 نەپەر)، تامغا تاشتا ئالتە نەپەر جەمئىي 90 نەپەر ئەسكەر قالدۇرۇلدى، قالغانلىرىمىز مۇزداۋاننىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. بىز مۇز داۋان ئۈستىدە تاشتىن تام قوپۇرۇپ يول توستۇق، ياتالغۇ ئۈچۈن گەمە (تاشتىن) ھەم پوتەي ياسىدۇق. جەمئىي 162 نەپەر ئەسكەر كېچە-كۈندۈز مىللىي ئارمىيىنى توسۇپ ياتتۇق. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك» دېگەندەك ئۇخلاۋاتقاندا تاش، مۇزلار تاراق-تۇرۇق، چارس-چۇرس قىلسا، قورقۇپ ھەممىمىز ئويغىنىپ كېتەتتۇق، شۇنداق قىلىپ بىز 1945-يىلى 7-ئايغىچە ساقلاپ ياتتۇق. بۇ ئارىلىقتا تۆت قېتىم موڭغۇلكۈرەگە بېرىپ، 3-2 سائەت مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، قوراللىرىمىز خىل ئەمەس، ئەمما ئوق دورىمىز يېتەرلىك. مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم، مىلتىقتىن ئوقنى تەخمىنەن چىقاردىم. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە موڭغولكۈرەنىڭ جەنۇبىدىن ئىپالىق دېگەن جاي ئارقىلىق قوغانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنىمۇ بىلدۇق. بىز مۇز داۋاننى ساقلاپ ياتقاندا، ئىلى تەرەپتىن ئادەم كېلىپ بىزنىڭ مۇزداۋاننى قاتتىق ساقلاۋاتقانلىقىمىزنى بىزگە تۇيدۇرماي رازۋېتكا قىلىپ قايتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىزنىڭ موڭغۇلكۈرەگە يوشۇرۇپ قويغان ئادەملىرىمىزدىن خەۋەر كەلدى. 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ئىلى ئارمىيىسى تىكەسىنىڭ كۆكسۇ بېشىدىكى چوڭ قوشتاي ئارقىلىق، باي ناھىيىسىنىڭ قېيىر يېزىسىدىكى چوڭ ئالتۇن قوشتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بايغا كېلىپ، بىز تەرەپنىڭ بىر ليەن ئەسكىرىگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ باي ناھىيىسىنى ئىگىلەپ، قاراباغ ئارقىلىق، ئىلى-ئاقسۇنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان قوغان ئېغىزىغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز تۇرغان جايدىكى 150 مىڭ جىڭدەك ئاق ئۇن ۋە قوناق، ئوت-چۆپ، بېدىگە ئوت قويۇۋېتىپ قوغانغا قايتىپ كېلىپ قوغان سېپىلىگە ئورۇنلىشىپ ئالدۇق.

1945-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى مىللىي ئارمىيە قوغاندىكى سېپىلگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ بىزنى ئوققا تۇتتى. بىزمۇ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىۋالغاچقا بىزنىڭ ئوت كۈچىمىز بىلەن مىللىي ئارمىيىنى ئىلگىرىلەتمىدۇق. ئۇرۇش ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە داۋام قىلدى. قوغاندىكى ئۇرۇشقا ئابدىكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبەر، سوپاخۇن قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىرى خىل، ئاپتومات، ئالتە مىلىمېتىرلىق، سەككىز مىلىمېتىرلىق مىناميوت، گېرمانىيىدە ياسالغان جىكەس مىلتىق بار ئىكەن. بىز سېپىل ئىچىدە مىللىي ئارمىيە تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوت ئاچتى. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى قوغان سېپىلىدىكى جەڭ يەنە باشلاندى. بىزنىڭ مۇئاۋىن ليەنجاڭىمىز لى لەنجاڭ ئىسىملىك شەنجۇن مۇزات دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى، بىز تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر، ئاتلار قىرىلدى. ئۇرۇشنىڭ ئەتىسى كەچ سائەت توققۇزدا بىزگە لەن تەرەپتىن قېچىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

بىز ئۆلەر-تىرىلىشىمىزگە باقماي غەربىي تەرەپتىكى تاغ ئېقىنى ئارقىلىق پىيادە بىر كېچە قېچىپ ئاقيۇلاققا يېتىپ باردۇق. بىز قېچىپ ماڭغاندا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى

تۇتۇلدى، قارشىلىق قىلغانلىرى ئېتىلدى، بىز لىيەنجاڭ بىلەن 21 نەپەر ئەسكەر ساق قالدۇق. ئاقبۇلاققا كەلگەندە جاۋخەنچىڭنىڭ ئىشپىيونى بەختى (قىرغىز) دىگەن ئۆيىگە چۈشتۇق. جاۋخەنچىڭ قىرغىزلاردىن بىر پەي ئەسكەر تەشكىللەپ مىللىي قىسىمغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئالدىدىن قورال تارقىتىپ بەرگەن ئىكەن. بەختى بىزگە قانچىلىك ئادەم تەشكىللەپ نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق دېمىدى. بەختى ئوتتۇرا بويى 50 ياش ئەتراپىدا، سېمىز، قىزىل يۈز بىر نىمە ئىدى. بىز بەختىنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەپ بولۇشىمىزغا سائەت 10 ئەتراپىدا ئارقىمىزدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق. بىزگە بەختى ھەر بىرىمىزگە بىردىن ئات تېپىپ بەردى. بىز ئاتلىق كېچىچە ئاقسۇ تەرەپكە قاچتۇق. تاغ ئارىلاپ بولسىمۇ مېڭىپ ئىشلەمچى يېزىسىنىڭ قويچى كەنت ئۈستىدىكى ساي يولغا كېلىپ ئارام ئالدۇق. بۇ جايدا بىر نەپەر پومېشچىك بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ كۆل بويىدىكى بىر توپ يوغان تېرەك تۈۋىدە ئارام ئالدۇق. ئىككى سائەتتىن كېيىن مىللىي ئارمىيە جامغا يېتىپ كېلىپتۇ دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. بىز سائەت ئالتىدە ئاتلىق قېچىپ كەچ سائەت سەككىزدە ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدۇق، راس دېگەندەك بىر سائەتتىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى ئاقسۇغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ سېپىلىنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلدى. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق بىر يىڭ 300 نەپەردەك ئەسكىرى يۆتكەپ كېلىندى.

III

بۇ ئاقسۇ سېپىلىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇشقا پۈختىلا ھازىرلىق قىلىپ جىددىي ھەربىي ھالەتتە تۇردۇق. تاغارغا قۇم قاچىلاپ سېپىل دەرۋازىسىنى ئەتتۇق. جاۋخەنچىڭ سېپىلگە يېقىن 30 ـ 40 مېتىر ئەتراپىدىكى بارلىق ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. بىر لىيەن ئەسكەرلەر پۇقرالارنىڭ نالە ـ پەريات قىلىشىغا، قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي ئۆيلەرگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەتراپقا خەندەك كولاپ سۇ قويۇپ مىللىي ئارمىيىنىڭ سېپىلنى ئىشغال قىلىشىنى قاتتىق توستۇق.

سېپىل ئۈستىدە توكچىراق يوق، بىزنىڭ ياكى كىرىسىنمۇ يوق، يۈك، پاختىنى سۇ يېغىغا چىلاپ يوغان ياغاچقا باغلاپ شام قىلىپ سېپىل ئۈستىگە ياقتۇق.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كونا شەھەرنى ئىگەللەپ بولغانلىق خەۋىرى گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ تۈەنبۇسىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن پاتىپاراق بولۇپ قاتتىق ساراسىمىغا چۈشۈپ، جاۋخەنچىڭنىڭ غالجىرلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە كەچ سائەت تۆتتە ئاقسۇ سېپىلىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بىز تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر سېپىل ئۈستىدىن يەرگە ئىتىك موللاق چۈشتى. 3 ـ پەينىڭ پەيجاڭى خا پەيجاڭ دېگەن ئەسلى ئۇيغۇر بولۇپ ئىسمى خالىق، يۇرتى قۇمۇللۇق، گومىنداڭ ئۈچۈن سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقتىن پەيجاڭ بولغان بويى پاكار، 40 ياش، قارا چىراي بىر نىمە ئىدى. ئۇ كۈچار دەرۋازىسى ئارقىلىق

بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ يار ئۈستى بىلەن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كونا ئايروپىلان ئىستانسىسى (ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ نېفىت شىركەت ئورنى) دا مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلاردىن ئۈچ تال ئاپتوماتنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىپ جاۋخەنچىڭغا سوۋغا قىلغانلىقتىن خا پەيجاڭغا جاۋخەنچىڭ «قەھرىمان» دېگەن نامنى بېرىپ، ئالتۇن ئوردىن تاقاپ قويدى. بىزگە تەھدىت سېلىپ خا پەيجاڭنى كۆز-كۆز قىلىپ «سىلەر خا پەيجاڭغا ئوخشاش ئەلىي ئوغرىلىرىنى يوقىتىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالساڭلار يۇقىرى مەنسەپكە ۋە تەقدىرلەشكە ئېرىشىسىلەر» دېدى. خا پەيجاڭ ئېلىپ كەلگەن ئاپتوماتنىڭ ئوقى يوق بولغانلىقتىن جاۋخەنچىڭ ئۈرۈمچىدىن يار دەم سوراپ خەت يازغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن 5000 تال ئاپتومات ئوقى، ئەسكەرلەردىن ھال سوراشقېتى، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىقلار قاچىلانغان ئىككى ئايروپىلان كەلدى. ئاپتومات ئوقى بىلەن بىر قىسىم ھەربىي ئەسلىھەلەر ئاقسۇنىڭ سېپىل ئىچىگە ئىشانلاپ تاشلانغانلىقتىن ئايروپىلاندىكى تاشلانغان نەرسىلەر ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قىسمىنىڭ قولىغا تەگدى. يەنە بىر ئايروپىلاندىكى نەرسىلەر ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خوچۇكچۇ دىكى ئورنىغا تاشلانغاچقا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن جاۋخەنچىڭ قەھرى غەزەپكە كېلىپ شۇ كۈنى 2-لىيەنىڭ لىيەنجاڭى يەن باشچىلىقىدىكى بىر لىيەن ئەسكەرنى سېپىلدىن پەسكە چۈشۈرۈپ ياتالماس قورول ئارقىلىق كونىشەھەرگە بېرىپ مىللىي ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كونىشەھەرنىڭ خوچۇكچۇ ئەتراپىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قاتتىق ئوت كۈچى بىلەن يەن لىيەنجاڭ ئۆز جېنىدىن ئايرىلىپ 20 گە يېقىن ئەسكەرلەر قىرىلىپ قالغانلىرى قېچىپ كېلىپ سېپىلگە كىرىۋالدى.

1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى مىللىي ئارمىيە بوزدۆڭنىڭ قوغانغا ھۇجۇم قىلغاندا بىز تەرەپتىن تۆت نەپەر ئەسكەر مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى ئاقسۇ سېپىلىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە يۇقىرىقى تۆت نەپەر ئەسكەرلەر يەنە بىز تەرەپكە قايتىپ كەلدى. بۇلار مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورال تەڭپۇڭلۇقىنى سۆزلەپ «مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىرى بەك خىل ئىكەن، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قورال ئىكەن. چاپانىنىڭ ئىچىگە ئېسىۋالىدىغان ئاپتوماتلارمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭدا بىرلا ئاتسا 40 پاي ئوق چىقىدىكەن. ئۇلاردا يەنە ئالتە مىللىمېترلىق مىناميوت، سەككىز مىللىمېترلىق مىناميوت بار ئىكەن» دېگەن. بىزنىڭ ئارمىيىمىزدىن سابىر (قەشقەرلىق) جاۋخەنچىڭغا يۇقىرىقى گەپلەرنى دوكلات قىلغانىدا جاۋخەنچىڭ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ بۇ تۆت نەپەر ئەسكەرنى دەرھال قاماشقا بۇيرۇيدۇ. 9-ئاينىڭ 27-كۈنى 5-تۈەننىڭ ماخۇسى (ھازىرقى ئاقسۇ نۇكچېسىنىڭ ئىچى) نىڭ ئارقا دەرۋازىسى (ئاقسۇ شەھەر بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ ئورنى) قېشىدا يوغان تۆت تۈپ تېرەك بار ئىدى. بۇ تېرەك بەلكى 100 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇشى كېرەك. جاۋخەنچىڭ پۈتۈن ئەسكەرلەرنى يىغىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۆت نەپەر قامالغان ئەسكەرنى تۆت

تۆپ تېرەك تۈۋىدە دارغا ئاستى. جاۋخەنچىڭ «بۇ تۆت نەپەر ئەبلەخلەر بىز تەرەپتىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشپىيونى بولۇپ بىز تەرەپكە قايتىپ كەلگەن. ھەربىي تۈزۈمىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوراللىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتەرگەن. بۈگۈن بۇنداق مەيداندا بۇ ئەبلەخلەرنىڭ جېنىنى ئالىمىز. مۇندىن كېيىن قايسى ئەسكەر يالغاندىن سۆز - چۆچەك تارقىتىپ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى ماختايدىكەنسەن بۈگۈنكىدەك جازاغا تارتىلىسەن. ھازىر چىڭ مەنسا (خەنزۇ) بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدۇ» دەپ سۆزنى توختىتىپ ئەسەبىلەرچە خىرقىراپ يانچۇغىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ چېكىشكە باشلىدى. چىڭ مەنسا دېگەن جاللات بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىپ ئىككى نەپەر ئەسكەرنى تېرەككە تۈرغۈزۈپ سويدى، ئازابقا پايلىماي نالە قىلىپ ئاۋاز چىقارغانىدى، جىنىسىنى كېسىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويدى. يەنە ئىككى نەپەر ئەسكەرنى جادىغا بېسىپ ئۆلتۈردى.

بارلىق ئەسكەرلەر گومىنداڭ ياندىتلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىمىزدە قاتتىق غەزەپلەندۇق. ياتاقلاردا ۋە باشقا جايلاردا ئۆز ئارا گەپ قىلىشتىنمۇ ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتۇق، ھەتتا قالايمىقان ئۆز ئارا چاقچاق قىلىشمايتتۇق. ئەسكەرلەر ئىچىدىمۇ ماراقچىلار، پايلاقچىلار كۆپ ئىدى.

چىڭ مەنسا دېگەن جاللات ئوتتۇرا بوي، ۋېجىك، ئورۇق، 30 ياش ئەتراپىدىكى بىر نەرسە بولۇپ جاۋخەنچىڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەھشىلىكى كۆزىنىڭ ئېقىدىكى قىزىللىقتىن خۇددى تاپ يېگەن بۆرىگە ئوخشايتتى.

ئەسكەرلەر جاۋخەنچىڭ، چىڭ مەنسا قاتارلىق ئىككى ئەبلەخنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيتتى. ئاڭلىشىمىزچە چىڭ مەنسا تۆت نەپەر ئەسكەرنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ھاراققا زاكوسكا قىلىپ يېگەن. (چىڭ مەنسا ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن گوڭچەنداڭنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتى بىلەن تۆت يىل قاماققا ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شىپىڭ گۇڭسىغا ئورۇنلىشىپ ئىشلەپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلگەن).

1945 ،يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مىللىي ئارمىيە كەچ سائەت تۆتتە ئاقسۇ سېپىلىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. جاۋخەنچىڭ ئىنتايىن غالجىرلاشتى. 18-كۈنگە كەلگەندە ئىچكى قىسىمدا باستۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ل. مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى « ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى » نىڭ 28 نەپەردەك مۇھىم كىشىلەرنى يوقاتتى. ئەتىسىگە مىللىي ئارمىيە سېپىلنىڭ 17 يېرىگە شوتا قويۇپ سېپىلگە چىقماقچى بولدى. گومىنداڭنىڭ سېپىل ئۈستىدىكى ئوت كۈچى بىلەن غەربىي دەرۋازا تەرەپتىكى قويغان شوتىدىن ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئاپتومات بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقتى. قالغان جايدىكىلەر چىقالمىدى. بۇ جاينى خاپەيجاڭ ساقلاپ تۇراتتى. ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتتى، شۇ جايدىلا بىز تەرەپتىن ئالتە نەپەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆلدى. ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ئاپتوماتىدىكى ئوقى تۈگەپ كېتىپ ئوق يەڭگۈشلەپ

بولغىچە خاپەيجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى توختى ئېلى (ئۇنى توختى پەيجاڭ دەپ ئاتايتتۇق، كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەردە ئۆلدى) سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇلار قوچاغلاشما جەڭ قىلغاندا ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى 15كە يېقىن گومىنداڭ ئەسكىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ بىر باشىنى شەرقىي دەرۋازا (كۆچار دەرۋازىسى) يەنە بىر باشىنى غەربىي دەرۋازا (قەشقەر دەرۋازىسى)، يەنە بىر باشىنى شىمالىي دەرۋازا (ئاقسۇ كونىشەھەر دەرۋازىسى) ئالدىغا يوغان تاختايغا مىخلاپ قويدى. 20-كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەر سېپىل دەرۋازىسىغا 40 مېتىر نېرىدا سالى ئاشپەز دېگەن كىشىنىڭ ئاشخانىسى بولۇپ ئىقتىسادىي خېلى جىق ئىدى. سالى ئاشپەزنى سەن «ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلدىڭ» دەپ تۇتۇپ تۆمۈرمەيدانىدا جادىدا توغراپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق ئوت كۈچى بىلەن سېپىلنى ئىشغال قىلالمىدى. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ شىتاب ئورنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە (هازىرقى تاشقىي سودىنىڭ ئورنىدا، باي سىجاڭنىڭ قورۇسى دەپ ئاتايتتى). ئابدىكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبەر، سوپاخۇنلار 1945-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنىگە كەلگەندە ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شىتابىنىڭ «ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىمىز. سىلەر ئىلىغا قايتىپ كېلىڭلار» دېگەن بۇيرۇققا ئاساسەن قايتىپ كەتمەكچى بولدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قايتىپ كەتكەندىكى خەۋىرى بىزنىڭ ئون نەپەردەك كونىشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىشپىيونلىرىمىز تەرىپىدىن دوكلات قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە سابىر (قەشقەرلىك، ساچەنجاڭ دەيتتۇق)، ھەمرا (كونىشەھەردىن) كونىشەھەردىكى بىر نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقتىن قايتىش خەۋىرىنى ھەمرا ئىگىلەپ ئالغان. جاۋخەنچىڭ بۇ ئىشنى تازا پۇرسەت دەپ بىلىپ قايتىپ ماڭغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش بۇيرۇقىنى بەردى. مىللىي ئارمىيە قوزغىلىپ كونىشەھەردىن ئۆتىشىگىلا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنداق بولسىمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنى چېكىندۇرۇپ ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى. بىز مىللىي ئارمىيىنى قوغلىشىپ قوغانىغىچە بېرىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەرنى قايتىدىن قاتتىق كونترول قىلىپ مۇداپىئە ئىستىھكامىنى چىڭىتتۇق.

IV

1946-يىلى 4-ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىكلىكى، ۋەھشىيلىكى تۈپەيلىدىن بىرقانچە ئەسكەرلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قېچىپ كەتتى. مەنمۇ 1-قېتىم يەكەندىن ① يۇرتۇم ئاقسۇغا قاچتىم، بەش كۈندىن كېيىن جاۋخەنچىڭ قاچقانلارنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ ئەسكەر ماڭدۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. قېچىپ كېلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن مەن ئاتا-ئانامغا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ دۇنيانى

① ئۇ چاغدا بىزنىڭ تۆەننى يەكەنگە يوتكىگەچكە، يەكەندە تۇراتتۇق.

سۆزلىدىم. ئەسكەرلەر ئىچىدە قىمار ئويناش، نەشە چېكىش، پاھىشە قىلىش، ياۋاشلارنى
بوزەك قىلىش، يالغاندىن قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش، قىرىش، چېپىش قاتارلىق
ھەرىكەتلەر ئومۇملاشقانىدى. مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانامغا مېنى نېمە ئۈچۈن تۇ-
غۇپ چوڭ قىلغان بولغىيتتىڭلار دېدىم. ئاتا ـ ئانامۇ مېنىڭ بىلەن تەڭ كۆز يېشى قىلدى.
يۇرتنى تاشلاپ كېتەيلى دېسەك يىراقلاردا تۇغقانلىرىمىزمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەت تا-
زا مالىمانچىلىق شارائىتتا نەگىمۇ بارىمىز، مۇشۇ ۋاقىتتا سىرتتا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭ-
لانغاندا تاراق ـ تۇرۇق قىلغان ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. مېنى ئاتام قاز-
ناقتىكى چوڭ بىر ساندۇقنىڭ ئارقىسىغا مۆكتۈرۈپ قويدى. 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىشىكىـ
مىز قاتتىق ئۇرۇلدى. ئاتام تىترەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىشقا ئاران جۈرئەت قىلالىدى.
گومىنداڭنىڭ ئىككى نەپەر ئەسكىرى ئۆيگە كىرىپ ھۆسەن كەلدىمۇ؟ دېدى. ئاتامنىڭ
چىرايى تاتىرىپ كەتتى. قىمىر قىلالماي خۇنۈكلەشكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇ-
رۇپلا قالدى. ئۇ: ھوي قېرى مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن دەپ مىلتىقنى ئاتامغا تەڭلى-
دى. ئاتام: كەلمىدى. يەتتە يىلدىن بېرى كۆرمىدىم، ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ، توڭلاپ ئۆلدىمۇ
بىلمەيمەن دېدى. يەنە بىر ئەسكەر ئۆيگە دىققەت بىلەن قاراپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى.
كونا قاپ قارا شالدىن ياساپ قويغان بىر كىشىلىك بەندۈك تېگىدىكى بىر دانە كەيگەن
پايپىقىمنى كۆرۈپ قېلىپ پايپاقنى قولىغا ئېلىپ ئاتامغا بولغان تەھدىت، سوراق جىد-
دىيلەشتى. ئەسەبىلەرچە سەت ۋارقىراپ ھۆسەننى تاپمىساڭ سېنى يەكەنگە باغلاپ ھەي-
دەپ ئاپىرىمىز دەپ ئاتامنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاشقا باشلىدى.

مەن ئاتامنى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ خارلاپ ئازابلىشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇ-
رالايمەن. شۇ پەيتتە، مەن نېمە بولسام بولاي دەپ ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن قوپۇپ: ھۆ-
سەن دېگەن مەن. ئاتامنى قويۇپ بېرىش، ئەمدى مېنىڭ بىلەن سۆزلەش، دەپ ئالدىغا
يۈگرەپ باردىم. سۇس چىراق يورۇقىدا، بىزنى تۇتقىلى كەلگەن خاپەيجاڭنىڭ دەل ئۆ-
زى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ ئاغزىم كالىلەكلىشىپ ئاۋازىم بوغۇلۇپ
قالدى. باغلا بۇ قاچقۇنچىنى دېدى خاپەيجاڭ. ئانام يىغلاپ تۇرۇپ نېمە قىلىشىنى بىل-
مەي، دەرھال: بالام قازاندا پۇشۇرۇپ قويغان بىر توخۇنىڭ گۆشى بار يەپ كېتىڭلار دېدى.
مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قېلى تۆشۈك خاپەيجاڭنى توخۇ گۆشى بىلەن يۇمشات-
ماقچى بولدۇم. توخۇنىڭ گۆشىنى ئاياغقا سۈزۈپ: خاپەيجاڭ قولىڭىزغا سۇ بېرەي، سىزمۇ
توخۇ گۆشىدىن يەپ كېتىڭ دەپ قاپاقتىكى سۇنى ئېلىپ مىستىن ياسالغان كونا داسنى
تۇتتۇم. خاپەيجاڭ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك دەرھال قولىنى يۇدى. مەنمۇ قولۇمنى يۇ-
دۇم. ئاندىن كىرلىشىپ كەتكەن دوسقاننى سېلىپ ئاياقتىكى گۆشنى قىڭراق بىلەن پارچى-
لاپ گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئانام ئەگلەك ئاستىغا كۆمۈرۈپ قويغان بىر چىنە قې-
تىقنى ئېلىپ قويدى. ئىككى دانە قوناق ناننى پارچىلىدىم، گۆشنى يەپ ئاندىن قېتىقنى
ئىچىشكە باشلىدى. ئانام، پەيجاڭ مەن ئاغرىپ قېلىپ 50 كۈن يېتىپ قالدىم، ساقايغىلى
ئۈچ كۈن بولدى، بالام ھۆسەن قارىغا خەۋەر بەرگەنىدۇق. ئەدەپسىزلىك قىلىپ سور-
ماي قايتىپ كېلىپتۇ، سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن دېدى. خاپەيجاڭ: بولدى، بىزگە

(ئاخىرى 60 ـ بەتتە)



# دۇنيانى قورقاتقان باتۇر

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئاقكۆڭۈل باغۋەن بىلەن يەنە بىر نەشە چېكىدىغان بەڭگە تام قوشنا ئىكەن، باغۋەن ياشانغان بولۇپ ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى باغۋەنچىلىكتە ماھىر ئىكەن. مۇشۇ ھالال كەسپىنى باشقا ئىشلارغا قىزىقمايدىكەن. ئۇ ئۆز بېغىنىڭ ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى، ھەر خىل گۈللىرىنى ئۇلاپ ئۇتقۇزۇپ پەرۋىش قىلىدىكەن. قولى بوش ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ كۆچەتلىرىنى، ھەر خىل گۈللىرىنى ئۇلاپ ئۇتقۇزۇپ، پەرۋىش قىلىپ بېرىدىكەن. ھەر يىلى كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە يىراق - يېقىندىكى دېھقان ۋە بېغى بار كىشىلەر بۇ ئۇلاقچى ئۇستامنى ئىزدەيدىكەن، بەزەن يىللىرى تالاشتا تېگىشمەي قالىدىكەن، شۇڭا كىرىمى كۆپ، ھال كۈنى ياخشى ئۆتىدىكەن.

بەڭگە قوشنىسى ياش بولغان بىلەن ھەر كۈنى نەشە چېكىپ مەس بولۇپ، بېشىنى قاپاق قىلىپ، ئاپتاپقا قاخلىنىپ يېتىپ، ئۇخلاپ ئىش ئوقەت قىلمايدىكەن، ھورۇن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈش يولى ئىككى خىل بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپتۇ، ئۇلاقچى ئۇستامنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن پولۇ، بىر كۈن

لەئمەن، بىر كۈنسائىزا – قۇيماق دېگەندەك ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ يەپ تۇرمۇشنى
ئۆتكۈزىدىكەن، ئۆزى يېگەن تاماقتىن قوشنىسىغىمۇ سۇنۇپ بېرىدىكەن.
بەگگە قوشنىسىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ خوتۇنى تاماق ئېتەي دەپ بىرنى تاپسا
بىرى يوق تاماق ئېتىپ بېرەلمەي، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە قىينىلىپ سېرىق تال ئۆت-
تىدىكەن. ئۆيدە ئاش يوق تەڭ قىس بولغان كۈنلىرى ئۇلاقچى ئۇستامنىڭ ئۆيگە قىينچىلى-
قىنى ئېيتىپ كىرسە ئۇلاقچى ئۇستام ئاش، ئوزۇق ياكى پۇل-پۇچەكنى ئۆتنە ھېسابى بېرىپ
تۇرىدىكەن، بەگگە ئۆتنە ئالغان نەرسىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىكەن.
بەگنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇ غۇربەتچىلىك بىلەن بىر نەچچە يىل داۋام
قىپتۇ، خوتۇنى تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىك ئەلەمىگە
چىدىيالماپتۇ. بىر كۈنى ئېرىگە تاپا – تەنە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن ساڭا تەگمە-
گەن بولسام بوپتىكەن! ئۇلاقچى ئۇستامنىڭ ئۆيدىن ماننۇ – پولۇ، ساگزا – قۇيماق
ئەپچىقىپ بەرسە يەپ ھوزۇرلاندۇق. بىزچۇ پولۇ ئۇياقتا تۇرسۇن بىر تاۋاق ئوماچمۇ
ئەپچىقىپ بېرەلمىدۇق. كەل تاۋىقىم، بار تاۋىقىم، كەلمىسەڭ – بارمىساڭ ئۆل تاۋىقىم
دەپتىكەن، سەن ئىش – ئوقەت قىلماي ئۆيدە بىكار ياشىساڭ ساڭا پۇل نەدىن كېلىدۇ!
ئاش – ئوزۇق نەدىن كېلىدۇ! سېنىڭ ھايات تۇرغىنىڭدىن ئۆلگىنىڭ ياخشى، ئۆيۈڭدە
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى مېنىڭ رۇخسەت خېتىمنى بەرگىن، ھەر قايسىمىز ئۆز
كۈنىمىزنى ئۆزىمىز ئالايلى».
بەگگى خوتۇنىنىڭ تاپا – تەنە، يامان گېپىگە چىدىيالماي سەپرايى ئۆرلەپ بېشى
راسا قېتىپتۇ. خۇرجۇنىنىڭ بىر بېشىغا خاكا كومە ئاپتۇ. يەنە بىر بېشىغا چىلىم قاپاق
بىلەن سەيخانىلارنى تىقىپ خۇرجۇننى كۆتەرگەن پېتى خوتۇنىدىن يامانلاپ يولغا چى-
قىپتۇ، بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ ئېگىز تاغنىڭ بويىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ.
دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چىلىمغا نەشە ساپتۇ، خاكىلاپ چەكەي دەپ تۇرسا بېشى قازان-
دەك، قەددى – قامىتى مۇناردەك، بېشى بۇلۇت بىلەن تەڭ بەت ھەيۋەت قورقۇنۇچلۇق بىر
دېۋە پەيدا بولۇپتۇ. بەگگىنى كۆرۈپ: «ھەي نېمە جانسەن؟ بۇ جاي ماڭا تەئەللۇق!
مېنىڭ ماكانىم بولىدۇ! ھەر قانداق ئۇچار قاناتلىق جان – جانىۋارلار بولسا مېنىڭ
تومەم بولىدۇ، ئادىمىزاتلار كەلسە مەن ئەلۋەتتە يەيمەن، سەن مېنى يېيسۇن دەپ بۇ
يەرگە كەپسەن، يۇر سېنىمۇ بىر ۋاقلىق ئوزۇق قىلاي» دەپتۇ. بەگگى دېۋىدىن قورقۇپ
قاچالماي جېنى چىققۇدەك بولۇپ كۆزلىرىنى ئالاڭ – بۇلاڭ قىلىپ «قانداق قىلارمەن»
دەپ تىنەپ تۇرۇپ قاپتۇ. «بەگگىنىڭ ئەقلى ئامازشامدىن كېيىن كېلەرمىش» دەپ بەگ-
گىگە ئاخىر ئەقىل كەپتۇ، ئوت يېقىپ قويغان چىلىمدىكى نەشىنى نەپەس ئېلىپ راسا شوراپتۇ، ئوت
خاكىسىغا تۇتاشقاندىن كېيىن چىققىلىپ تۇرۇپ تېشىغا پۇلىگەن ئىكەن، ئوت ۋال-ۋۇل قىلىپ
يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە شولا بېرىپتۇ، دېۋە ئوتتىن قورقۇپ تىترەپ قېچىشقا باشلاپتۇ.
بەگگى دېۋىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ: «ھەي دېۋە نەگە بارىسەن، مەن بول-
سام دوۋزاقنىڭ پادىشاھى بولىمەن، دوۋزاقنىڭ بىر تال تۇۋرۇكى سۇنۇپ كەتكەنىدى، ئۇ-
زۇندىن بىرى سېنى دوۋزاققا تۇۋرۇك قىلاي دەپ يۈرەتتىم، ماڭ بۇياققا» دەپتۇ.
دېۋە چىلىمدىن چىققان ئوتنى «دوۋزاقتىن چىققان ئوت، ئوت چىقارغان مەخلۇق
دوۋزاقنىڭ پادىشاھى» دەپ ئىشىنىپتۇ. دېۋە: «ۋاي پادىشاھى ئالەم، مېنى دوۋزاققا تۇۋرۇك

قىلمىسۇنلەر، مەن سىلىگە ياخشىلىق قىلاي، مەن ماكا نىمىغا بىرىپ سىلىگە جىق ـ جىق ئالتۇن ئېلىپ كېلەي، ماڭا بىر سائەت رۇخسەت بەرسىلە» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بەگكى دىۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «هازىر ماڭ يوقال كۆزۈمدىن، ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ دوۋزاقنىڭ ئۈچقۇندىسىنى چىقىرىپ كۆيدۇرۇپ تاشلايمەن» دەپتۇ. دىۋە بىر پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. دىۋە هايال بولماي قايتىپ كەپتۇ. ئۈچ تۇلۇم ئالتۇننى بەگنىڭ ئالدىغا قويۇپ «ئاز بولسىمۇ بۇ دىنالارنى ئېلىپ مېنىڭ گۇناهىمدىن ئۆتسىلە» دەپتۇ. بەگكە مۇنچىۋالا نۇرغۇن ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خوشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالغان بولسىمۇ دىۋىنى يەنە بىر قېتىم قورقاتماقچى بولۇپ «كۆتە بۇ نەرسەڭنى ماڭا كېرىكى يوق، سېنى ئاپىرىپ دوۋزاققا تۇۋرۇك قىلىمەن» دەپ دىۋىنىڭ كوكولىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپتۇ. دىۋە قورقۇپ جېنى چىققىدەك بولۇپ: «ۋاي پادىشاهى ئالەم، نېمە بولغىدەك ماڭا، ئامان بەرسىلە، مەن سىلىنى تۇلۇم بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويسام، مېنى دوۋزاققا تۇۋرۇك قىلىمەن دېمىسىلە، تۇۋرۇك تېپىلىپ قالار» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بەگكە: «ئانداق بولسا ئۈچ تۈرلۈك شەرتىم بار، قوبۇل قىلساڭ تەلىپىڭگە ماقۇل دەي» دەپتۇ. دىۋە: «شەرتلىرىنى ئېيتسىلا، بىجا نىدىل قوبۇل قىلىمەن» دەپتىكەن، بەگكە مۇنداق دەپتۇ: «بىرىنچى شەرتىم ئۈچ تۇلۇم ئالتۇن بىلەن مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە خەتەرسىز ئاپىرىسەن، ئىككىنچى شەرتىم دوۋزاقنىڭ تامغىسىنى سۆڭگىچىڭگە بېسىپ قويىمەن. دوۋزاققا چان لازىم بولۇپ قالساڭ دوۋزاقنىڭ تامغىسى سېنى ئېزدەپ تېپىپ دوۋزاققا ئاپىرىدۇ! ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى مۇندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگەن ئادىمىزات، جانۇـجانۋار، ياۋايى هايۋانلاردىن تارتىپ ئۇنىڭغا سەن شوخـشۇدىر قىلمايسەن، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساڭ دوۋزاققا تۇۋرۇك قىلىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن» دەپتىكەن، دىۋە دىرـدىر تىترىگەن هالدا بەگكە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى بويىنىغا ئېلىپ بەگنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بەگكە دوۋزاقنىڭ تامغىسىنى قىزىتىمەن دەپ چىلىمىغا نىشە ساپتۇ، ئارقاـئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت چىلىمىغا ئوت ئالدۇرۇپتۇ، چىلىمىنىڭ سەيخانىسى قىزىپ ئوتتەك بولغاندىن كېيىن سەيخانىنى ئاپىرىپ دىۋىنىڭ سۆڭگىچىگە يېقىپتۇ، ئاندىن بەگكە ئۈچ تۇلۇم ئالتۇننى دىۋىگە ئارتىپتۇ، دىۋىنىڭگە دىنىگە مىنىپتۇ. دىۋە پەرۋاز قىلىپ تىنىچ ـ ئامان بەگنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپتۇ. بەگنىڭ خوتۇنى مۇنچە جىق ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ گۈلى قەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بازاردىن ئېسىل كىيىم ـ كېچەك، زىبۇـزىننەت تىلەرنى ئالدۇرۇپ ئۆزىنى زىننەتلەپتۇ. يېقىن قوشنىسى باغۋەن ئۇستامىنى مېهماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. تاماقتىن كېيىن باغۋەنگە ئونچەننە ئالتۇن هەدىيە قىپتۇ. بەگنىڭ خوتۇنى باغۋەننىڭ خوتۇنىغا ئۈزۈك، ساپاق، بىلەيزۈك سوۋغات قىپتۇ، كۆڭلىنى ئاپتۇ، باغۋەن ئۇستامىنىڭ ئىلگىرى بەگنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئارىغا سېلىپ، رەهمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىككى تام قوشنا تېخىمۇ ئىناق قوشنا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. دىۋە ئىسكەندارچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ تاغ يايلاققا هازىر ئادەملەر خاتىرجەم بېرىپ شىكار قىلىدىغان بوپتۇ. چارۋىچىلار هەر يىلى چارۋىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ قورقماي چارۋا بېقىپ ئوۋـئوۋلايدىغان بولۇپتۇ. هەممە كىشى دىۋىنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇپ ئالەمدىن باي، باياشات ئۆتكەن ئىكەن.

# جانان چىنىسىنى موزاي تېپىپ ئاتتى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى دېھقان يەر قوشنا ئىكەن، بىرسىنىڭ ئىسمى غالىپ ئاخۇن ئىكەن. ئۆزى يۇۋاش، قولى ئوچۇق، مەرت ئىكەن، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئوسمان قېيىش بولۇپ، ھىلىگەر، جېدەلخور ھەم پىخسىق ئىكەن.

غالىپ ئاخۇننىڭ يېرى ئاز بولۇپ يېرىدىن چىققان ئاشلىققا قانائەت قىلىپ بانى يەپ سېرىقتال تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن.

ئوسمان ئاخۇننىڭ يېرى جىق بولۇپ ئۆزىگە يېتىپ ئاشقىدەك بۇغداي، قوناق ۋە باشقا زىرائەتلەردىن نۇرغۇن ھوسۇل ئالىدىكەن، ئەمما كۆزى ئاشقا تويمايدىكەن. پىكىر-خىيالى يەر سېتىپ ئالسام، يېرىم كۆپەيسە ھوسۇل جىق چىقاتتى، ئاشلىق سېتىپ سانىدۇقنى پۇلغا تۇشقازسام، باي ئاتىلاتتىم دەپ كېچىلىرى ئۇخلىماي غەم يەيدىكەن. ئويلا-ئويلا ئاخىرى غالىپ ئاخۇننى يۇۋاش كۆرۈپ يېرىنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ-دە، زىرىكتۇرۇپ يېرىنى تارتىپ ئالماقچى بوپتۇ، بىر يىلى غالىپ ئاخۇن يېرىگە بۇغداي تېرىغانىكەن، بۇغداي مايسا بولغاندا بىر كېچىسى ئوسمان چارۋىلىرىنى قويۇپ بېرىپ يېگۈزۈپ ئېتىپتۇ. كېلەر يىلى قوناق تېرىغانىكەن، بىر كېچىسى ئۆستەڭنى ئېچىپ سۇ قويۇپ بېرىپ يار كەتتى قىپتۇ، غالىپ ئاخۇن يەرگە تويدۇم دېگەندىن كېيىن يېرىنىڭ پاسىلىغا چېرىم سېلىپ قېرىمىغا سۇنى قويۇۋېرىپتۇ، يەر زەيلەش بىلەن ھوسۇل كەملەشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى غالىپ ئاخۇن ئوسمان ئاخۇنغا يىلىنىپ: قوشنام خاپا بولماي دەرەخلىرىنىڭ بادىرىلىرىنى كېسىۋەتسىلىكەن، ئېتىزغا سايە تاشلاپ ئاشلىق ئوخشىمىدى، دەپتۇ.

ئوسمان قېيىش: يېرىڭدە ئاشلىق بولمىغان بولسا يېرىڭنى ماڭا سات دەپتۇ، غالىپ ئاخۇن قېيىداپ: ماقۇل ساتاي، 50 تاغار بۇغداي بەرسىلە، دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوسمان 50 تاغار بۇغدايغا ئالىدىغان بوپتۇ. يەرنى 50 تاغار بۇغدايغا باھاسىنى توختىتىپ توختامنامە خەت قىلىپ ئاخۇنۇمغا مور باستۇرۇپ ئوسمانغا بېرىپتۇ.

ئوسمان توختامنامە ھۆججەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن: سېنىڭ ماڭا 50 تاغار بۇغداي قەرزىڭ بار ئىدى، يەرنى قەرزىڭگە تۇتۇپ بەردىڭ دەپ يەر ساتقان 50 تاغار بۇغداينى غالىپ ئاخۇنغا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

غالىپ ئاخۇن يەرنى ئوسمانغا سېتىپ بۇغدايىنى ئالالمىغاندىن كېيىن پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ، پادىشاھ ئەرزنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ شەرىئەت قانۇنىي بويىچە تۆھمەتخورغا قەسەم بېرىلسۇن دەپ قازىئاخۇنۇمغا ئەۋەتىپتۇ.

غالىپ ئاخۇن ئالدى بىلەن ئىلگىرىدىكى بىرلا مۇزايىنى ئەرز بىلەن قوشۇپ قازىئاخۇنۇمغا سوۋغا قىپتۇ.

ئەتىسى ئوسمان قېيىشنى چاقىرتىپتىكەن، بىر جۈپ جانان چىنىنى ئاپىرىپ ئاخۇنۇمغا كۆرۈنۈش قىپتۇ.

ئاخۇنۇم داۋانى سوراشتا ئوسماننىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىزغىمۇ ئالماپتۇ. غالىپ ئاخۇن تەرەپكە سۆز قوشۇپتۇ.

ئوسمان قېيىش: ئاخۇنۇم داۋانى راستى بىلەن جانان چىنىدەك جىرىڭ-جىرىڭ سورىسىلا، دەپتىكەن.

ئاخۇنۇم ئاچچىقى بىلەن: ئەي توك، جانان چىنەڭنى مۇزاي تېپىپ چېقىۋەتتى، دەپتۇدە، غالىپ ئاخۇننىڭ 50 تاغار بۇغدايىنى ھازىر بېرىسەن دەپ بۇيرۇپ قويۇپتۇ.

شۇندىن كېيىن «ئېچىق بېشىدا دەرەخ ئاينىماس، بايىنىڭ يېنىدا گاداي (ئاينىماس» دېگەن خەلق ماقالىسى قېپ قالغان ئىكەن.

بۇ ئىككى چۆچەكنى توپلاپ رەتلىگۈچى: چاۋار يۈسۈپ.

## «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»غا مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1989 ـ يىلىدىمۇ پەسىلدە بىر سان، يىلدا تۆت سان داۋاملىق چىقىرىلىدۇ. سۈپەت تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. كەڭ كىتابخان ـ مۇشتىرىلارنىڭ داۋاملىق قىزغىن ۋە كەڭ دائىرىدە مۇشتىرى بولۇشىنى ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالىمىز.

جايلاردىكى پوچتا ئورۇنلىرى ۋە ئۆز ئىدارە ـ جەمئىيەت، ئائىلە كومىتېت، يېزا ـ قىشلاق، مەكتەپ ـ مۇئەسسە، زاۋۇت ـ كارخانا ئورۇنلىرىدىكى خەت ـ چەك بۆلۈملىرى ئارقىلىق مۇشتىرى بولسا بولىدۇ. ۋاقتى 1988 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە مۇشتىرى قىلىنىپ بولىدۇ. ھەر ساننىڭ باھاسى 0.40 يۈەن، يىللىقى 1.60 يۈەن. ژۇرنالنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 47 ـ 58، دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى ـ CN65 ـ 1080/1

ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.



← ئەينى ۋاقىتلاردا چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن كۇچار سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان گەج ھەيكەل.





يۇقىرىقى ئىككى رەسىم 1985 - يىلى كۇچار سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرىدىكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بويۇملار، قومغان ۋە مارجان.



كۇچاردىن تېپىلغان كۇلرەڭلىك گۈللۈك ساپال قاچا.

مۇقاۋىنىڭ 2 - ۋە 3 - بېتىدىكى رەسىملەرنى زىلىك ئەنچۈن تارتقان.

ئاقسۇ شەھەر ئايكول يېزىسىدىكى
كونا بازىرىدىكى 600 يىللىق
ئۈژمە دەرىخى
فېڭ چېشىن فوتوسى




## ئاقسۇ ئەدەبىياتى

## 阿 克 苏 文 艺

---

تۈزگۈچى: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
编辑：《阿克苏文艺》编辑部
نەشر قىلغۇچى: ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە
مەدەنىيەت باشقارمىسى
出版：阿克苏行署文化处
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
印刷：喀什日报印刷厂
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
发行：喀什地区邮电局
ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار
مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
订阅：各地邮电局，所
فورماتى: 787×1092، 1/16: 7 تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN65-1080/1
国内统一刊号：CN65—1080/1
ژورناللارنىڭ ۋاكالەت نومۇرى: 47—58، باھاسى: 0.40 يۈەن

---

代号：58 — 47 号　　定价0.40元